ئەسەرلەر گۈلىستانى

# ئەڭ ياخشى لىباس خۇشخۇيلۇق

(ئەخلاقۇل مۇھسىنىن)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئادرېسى

كلاسسىكلار گۈلستانى

# ئەڭ ياخشى لىباس خۇشخۇيلۇق

(ئەخلاقۇل مۇھسىنىن)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئايشەمگۈل ئايۇپ

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

和颜悦色是最美丽的外表：维吾尔文／阿迪力·穆罕默德主编.—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2009.3

(经典之花系列丛书)

ISBN 978-7-80744-766-5

Ⅰ. 和… Ⅱ.阿… Ⅲ.维吾尔族－谚语－汇编－中国－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I277.7

中国版本图书馆CIP数据核字（2009）第024510号

从 书 名　经典之花系列丛书
本册书名　和颜悦色是最美丽的外表
策　　划　穆拉提·伊力
主　　编　阿迪力·穆罕默德
编　　著　阿优夏木古丽·阿尤甫
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
特约编辑　哈斯亚提·依不拉音
责任校对　克尤木·吐尔逊
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编　830000
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷
开　　本　880×1230毫米　1/32
印　　张　3
版　　次　2009年3月第1版
印　　次　2009年3月第1次印刷
书　　号　ISBN 978-7-80744-766-5
定　　价　9.90元

（书中如有缺页，错页及到装请与工厂联系）

مەجمۇئە ئىسمى: كلاسسىكلار گۈلىستانى

كىتاب ئىسمى: ئەڭ ياخشى لىباس خۇشخۇيلۇقتۇر

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى

باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

تۈزگۈچى: ئايشەمگۈل ئايۇپ

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق

تەكلىپلىك مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم

مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830000

تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

باسقۇچى:

فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 3

نەشرى: 2009 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى

بېسىلىشى: 2009 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-80744-766-5

باھاسى: 9.90 يۈەن


(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زاماننىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «ئەڭ ياخشى لىباس خۇشخۇيلۇقتۇر» دېگەن كىتابتا مىلادى 15 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئەخلاق ئۇستازى مەۋلانە ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفىنىڭ «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» ناملىق ئەسىرىدىكى ھېكايەتلەر تونۇشتۇرۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەڭ ياخشى لىباس خۇشخۇيلۇق

شەرقنىڭ مەشھۇر ئەللامىلىرىدىن بىرى بولغان مەۋلانە ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفى مىلادىيە 19 ـ ئەسىردە ھىراتتا ياشىغان مەشھۇر ئەدىب ۋە ناتىق بولۇپ، ئۇ ئەخلاق، تارىخ، تەسەۋۋۇپ، ئاسترونومىيە، رىيازەت، فىقھى ساھەلىرىگە دائىر قىرىقتىن ئارتۇق ئەسەر يېزىپ، ئوتتۇرا ئەسىر ئىلىم ـ پەن ئاسمىنىدا چاقنىغان بىر يۇلتۇزغا ئايلانغان. ئۇنىڭ «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن»(ياخشىلارنىڭ ئەخلاقى) ناملىق ئەدەپ ـ ئەخلاق دەستۇرى ئۇنى ھەرقايسى ئەل خەلقىگە تېخىمۇ تونۇتقان. ئەزەلدىن ئەدەپ ـ ئەخلاققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى ئۇنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاققا ئائىت ئەسەرلىرى بىلەن خېلى بۇرۇنلا تونۇشۇشقا باشلىغان. شۇ سەۋەبلىك تارىم بويلىرىدا تىرىكچىلىك قىلغان ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆز تىلىغا ئاغدۇرۇپ، مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان. مەن خەلقىمىزنىڭ ھېكمەتكە باي مەنىۋىيەت خەزىنىسىگە ئازراق بولسىمۇ جۇلا بولسۇن دېگەن مەقسەتتە، مەۋلانە ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفىنىڭ «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن»(ياخشىلارنىڭ ئەخلاقى)، «فۇتۇۋەتنامەئى سۇلتانى ياكى جەۋانمەردلىك تەرىقەتى» (مەردانىلىك يوسۇنلىرى) ناملىق ئىككى مۇھىم ئەخلاق دەستۇرىدىكى ھېكمەتلىك جاۋاھىراتلارنى توپلاپ بۇ كىتابقا كىرگۈزدۈم. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى

نۇسخىسىنى ئىشلەپ تەقدىم قىلغان مەتقاسىم ئەكرەم، تۇرسۇننىياز كېرەم، ئەنۋەر تۇردى قاتارلىق يولداشلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ھۆكۈمالار خۇشخۇيلۇقنىڭ بەلگىسى ئون خىل بولىدۇ دەيدۇ. بىرىنچى، ياخشى ئىش توغرىسىدا كىشىلەرگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماسلىق. ئىككىنچى، ئۆز نەپسىدىن ئۆزلۈكىدىن ئىنساپ كۆرسىتىش. ئۈچىنچى، كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەسلىك. تۆتىنچى، كىشىلەردىن نالايىق ئىشلار سادىر بولسا، ئۇنى ياخشىلىققا سېلىش. بەشىنچى، گۇناھكار گۇناھىدىن ئۆزرە ئېيتىپ كەلسە قوبۇل قىلىش. ئالتىنچى، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى ھەل قىلىش. يەتتىنچى كىشىلەرنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن مۇشەققەت تارتىش. سەككىزىنچى، ئۆز نەپسىنى كۆزلىمەسلىك. توققۇزىنچى، باشقا كىشىلەرگە چېھرىدىن مېھرىنى كۆرسىتىش. ئونىنچى، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىش.

*  *  *

مۇلايىملىقنىڭ مەنىسى يۇمشاقلىق بىلەن خەلق ئارىسىدا مادارا كۆرسىتىش بولۇپ، ھەرقانداق ئىشقا مۇلايىملىق يار بولسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدە كامال تېپىشتىن باشقا ئېھتىمال يوق، شۇنىڭدەك بەتخۇيلۇق ھەمراھ بولغان ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدە ۋەيران بولماقتىن باشقا ئېھتىمال يوق.

*  *  *

قاتتىق، قوپال سۆزلەر ئاشنالىق رىشتىنى ئۈزگۈچى ئامىل بولۇپ، يۇمشاق، چىرايلىق سۆزلەر بولسا، كىشىلەرنى ئاداۋەت پەللىسىدىن دوستلۇق مەرتىۋىسىگە يەتكۈزىدۇ.

*  *  *

گۇناھكارلارغىمۇ يۇمشاقلىق ۋە شېرىن تىللىق بىلەن

مۇئامىلە قىلغاندا، قوپاللىق ۋە قاتتىق سىياسەتلەر بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

* * *

رەھىمدىل پادىشاھلار ئۆز پادىشاھلىقىنىڭ چىرايىغا ھەمىشە رەھىم ـ شەپقەت خالى بىلەن زىننەتلەر بېرىشنى ئويلايدۇ.

* * *

مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەت، دۇنيانىڭ ئامانلىقى (تىنچلىقى) مەرھەمەت ۋە شەپقەتكە باغلىقتۇر.

* * *

پادىشاھلارنىڭ كىشىلەرگە قىلغان شەپقەت بەلگىلىرىدىن بىرى خەلقنى دوست تۇتۇشتۇر، شەپقەتلىك پادىشاھلار ئۆز خەلقىنى دوست تۇتىدۇ. خۇددى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆز پەرزەنتىگە مېھرىبان بولغانلىقىغا ئوخشاش خەلققە كۆيۈنىدۇ. ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەن ئىشلارنى خەلققە راۋا كۆرمەيدۇ. ئۆزىدە بار بولغان ئىمتىياز ۋە ئىقتىسادنى كىشىلەردىن دەرىخ تۇتمايدۇ، پادىشاھلار پۇقرالارغا قانچە كۆپ مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە شەپقەت قىلسا، تەڭرى ئول پادىشاھقا شۇنچە رەھمەت كۆزى بىلەن قارايدۇ.

* * *

ھەربىر بەختى دۆلەت ئىگىسىنىڭ زىممىسىگە ئۆزى ياشىغان بۇ پانىي جاھاندىكى ئۆمرىنىڭ ۋاپا قىلىشىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ ھەممە كۈچ ـ قۇربەت ۋە ھىممىتىنى ياخشى ئىشلارنىڭ بىناسىغا بەرپا قىلىشقا سەرپ قىلىش بۇرچى يۈكلەنگەن بولىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق بىر ئادەم بىر تۈرلۈك ياخشى ئىش قىلسا، (مەسىلەن، لەڭگەر ياساش، كۆل كولاش، كۆۋرۈك ۋە يول ياساش قاتارلىق ئاممىغا مەنپەئەتلىك ئىشلارنى ئۆز جاپاسى بىلەن قىلسا) ئول



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

كىشى دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئەجرى ۋە ساۋابى داۋاملىق شۇ كىشىگە يېتىپ تۇرىدۇ.

* * *

ئەگەر ھەرقانداق ئەقىل ئىگىسى ئىشەنچ چاقىسى بىلەن غەپلەت داغلىرىنى قەلب ئائىنەسىدىن تازىلاپ، بۇ دۇنيا دۆلەتلىرىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ھاياتلىقىنىڭ زاۋال تاپىدىغانلىقىدىن ھەقىقەتنى تونۇپ يەتسە، ئەلۋەتتە كىشىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنىڭ نەتىجىسىدىن، ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن باشقا نەرسە قالمايدۇ، ھەر ئالىي ئىمارەتلەر، ئۇلۇغ جايلار پادىشاھلار، ئەمىرلەر ۋە دۆلەتمەنلەردىن ئېشىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ھاياتلىق ئەسەرلىرى روزىگار سەھنىسىدە ۋە دەۋرانلار بەتلىرىدە گۈلدەك يېزىلىپ نۇر چاچىدۇ. ئۇلارنىڭ ناملىرى بولسا، ئاقىللار ۋە ناقىللار ئالدىدا مەشھۇر ۋە زاھىر بولۇپ قالىدۇ.

* * *

بۇ ئالەمدە ھەربىر نەرسىنىڭ يادىكارى دۇنيا يۈزىدە قېپقالىدۇ، بولۇپمۇ ياخشى ئىشلارنىڭ ئىزلىرى ۋە ئۇنىڭ بىنالىرىنىڭ رەقەم ـ چېكىتلىرىمۇ بىرەر ھادىسىنىڭ سۈيى بىلەن زامانە تاختايلىرىنىڭ يۈزىدىن يۇيۇلۇپ كەتمەيدۇ.

* * *

ساخاۋەت ـــ ئۆزگىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش دېمەكتۇر. ئېھسان ـــ كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش دېمەكتۇر. ساخاۋەت ـــ ئىنسانلارنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى نام ۋە ياخشى سۈپەت قالدۇرۇشىنىڭ ئاساسىدۇر. ئېھسان بولسا، كىشىلەر قەلبىنى مايىل ئېتىشىنىڭ ئاساسىدۇر. جىمى ئادەمزات ئۈچۈن مەيلى ئۇ شاھ بولسۇن، گاداي بولسۇن، ئالىم بولسۇن، باي بولسۇن، ھەممىسىگە ساخاۋەت ۋە ئېھساندىن ئارتۇق سۈپەت ۋە پەزىلەت يوقتۇر.

* * *

كىشىلەرنىڭ بىلىمەكلىكى زۆرۈركى، ئادەم ئىقتىسادى، مالىنى قاتتىقلىق بۇيۇنتۇرۇقىدىن بوشاتماي تۇرۇپ، ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس.

* * *

خالايىقنىڭ كۆڭۈل قۇشلىرىنى كەرەم بىلەن سەيىد ئەتمەك كېرەكتۇر. چۈنكى كۆڭۈل دېگەن سۇلتان بولۇپ، ئۇل سۇلتان بىر كىشىنىڭ شاپائىتىگە مايىل ئەتسە، بەدەننىڭ باشقا ئەزالىرى تەك ئۇنىڭغا تائىبە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مايىل ئەتمەي قالمايدۇ. شۇنداق بولغاچ ئەگەر سېخىيلار خالايىقنىڭ قەلبىنى مايىل ئەتسە، چوقۇم بەخت ـ سائادەتنىڭ ئىشىكلىرى ئۆزلىرىنىڭ يۈزىگە ئېچىلىدۇ.

* * *

ئەھۋال يۈز بېرىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭغا مۇداپىئە كۆرۈش كېرەكتۇر.

* * *

سېخىي ئادەملەرنى ئۇنىڭ خەير ـ ئېھسانىدىن بەھرىمەن بولمىغان كىشىلەرمۇ ئۆزىگە دوست ھېس قىلىدۇ. بۇمۇ ساخاۋەت جۈملىسىدىندۇر.

* * *

خەير ـ ساخاۋەت بىرلە كەمتەرلىك خەلقنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە جەم قىلىشنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك بىساتىدۇر.

* * *

خەلقنىڭ كۆڭۈل مەيلى تەۋرەنمەيدىكەن، ئۇل يۇرتتا سەلتەنەت ساغلام ۋە خاتىرجەم داۋام ئېتىدۇ، خەزىنىدىكى بايلىقلار ھەمىشە زاۋاللىقتا تەمشىلىپ تۇرىدۇ ھەتتا بەزىدە

www.uyghurkitap.com

قۇرۇقدىلىپ كېتىدۇ.

* * *

ئەگەر سەن ھەرقانداق بىر كىشىگە خىزمەت بىلەن كەمتەرلىك قىلساڭ، ئۇنىڭ كۆڭلى ساڭا ئېلىنىدۇ. مۇھەببىتىڭگە مەيىل ئېتىپ، بۇيرۇقۇڭدىن چىقمايدىغان بولىدۇ.

* * *

كەمتەرلىكنىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى، كىشى ئۆزىنىڭ مىقدارىنى كەم بىلىش، ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى پەش قىلماي، باشقىلارنىڭ نامىنى ئەزىز ۋە مۆھتەرەم بىلىشتىن ئىبارەت.

* * *

تەكەببۇر ئادەملەر، بىلىمسىز ئادەملەر كەمتەرلىكتىن قاچىدۇ. ئۇلۇغزادىلەر، بىلىملىك، مەرتىۋىلىك ئادەملەر كىشىلەرگە كەمتەرلىك قىلىشتىن باش تارتمايدۇ. چۈنكى ھېچ ۋاقىتتا كەمتەرلىك بىلەن ئۇلۇغلارنىڭ مەرتىۋىسى، پەزىلىتى چۈشۈپ كەتكەن ئەمەس.

* * *

ھەرقانداق كىشى ئۇچۇن كەمتەرلىك خوپ زىننەت، دۆلەت ئىگىلىرى ۋە پادىشاھلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، تېخىمۇ خۇپدۇر. چۈنكى بارلىق ئۇلۇغلار كەمتەرلىك زىننىتى ئارقىلىق ئاندىن ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىگە يەتكەن.

* * *

ئامانەت ـــ بارلىق ياخشى سۈپەتلەرنىڭ تۈۋرۈكى، دىيانەت ـــ بارلىق ياخشى خۇي - ئەخلاقلارنىڭ يىلتىزى.

* * *

ھەرقانداق بىر شەيئىنىڭ قىياپىتىگە، ھاۋادىساتلارنىڭ

ھالىتىگە تەپەككۇر كۆزى بىلەن قارايدىغان بولسىڭىز ۋە باشقا ئاڭلىغان ـ بىلگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە شۇنداق قىلسىڭىز، ئۇ ئىشلارنىڭ بىر تەرىپى ئامانەتكە، يەنە بىر تەرىپى خىيانەتكە باغلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرەلەيسىز. شۇڭا ھەربىر كىشى ئۆز ئەمەللىرىدە سەزگۈرلۈك بىلەن ئامانەت يولىنى ئايرىمايدىغان بولسا، ئاسانلا خىيانەت يولىغا مېڭىپ قالىدۇ.

* * *

خەلقنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە قىلىشقان ۋەدىلىرىگە ۋاپا قىلىش — ئىنسانلارنىڭ ئۇلۇغ ئەخلاقلىرىدىندۇر.

* * *

ئەگەر پادىشاھلار ئۆز ئەھدىگە رىئايە قىلمىسا، ئۇنىڭ دوستلىرىمۇ، دۈشمەنلىرىمۇ ئىشەنچ قامچىسىنى يىغىۋالىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

* * *

ۋاپادار كىشىلەرنىڭ سۆھبىتىگە قاتنىشىش ۋە ئۇلارنىڭ خاسىيەتلىرىنى ئاڭلاشمۇ ئوخشاشلا پەزىلەت ۋە دىيانەت جۈملىسىدىندۇر.

* * *

راستچىللىقنىڭ خاسىيىتى بىلەن كىشىلەر ئاخىرەتتە تەڭرىنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇپ، نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ. ھەربىر ئاقىل ئەلۋەتتە يالغاندىن ساقلىنىشنى ئۆزىگە بۇرچ ۋە پەرز بىلىشى كېرەكتۇركى، راستچىللىق كىشىنى ئىززەت ۋە ئىناۋەتلىك قىلىدۇ، يالغانچىلىق بولسا، ئادەمنى ھەممە نومۇس ۋە ئابرۇيىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. يالغانچى كىشى ئىناۋەتسىز ۋە خار ـ زەبۇندۇر.

*   *   *

يالغان سۆز شۇ كىشىنىڭ ئىززىتىنى تۆكىدۇ. شۇنىڭدەك ئورۇنسىز مۇتايىبە، بىھۇدە ھەزىللەرمۇ كىشىلەرنى خەلق ئىچىدە ھۆرمەتسىز ۋە خار قىلىپ قويىدۇ. بولۇپمۇ يۇرت ئىگىلىرى، ھوقۇق ئەھلىلىرى ھەزىل - مۇتايىبە قىلىشقا خۇشتار بولسا، ئۇنىڭ ھەيۋەت ھالىغا شۇنچە ئاپەت يېتىدۇ. چۈنكى تولا چاغلاردا قىلىنغان ھەزىل - بەھسلەردىن، بىھۇدە گەپلەردىن كىشىلەرنىڭ دىلى رەنجىيدۇ. ئىنسانلار بىلىسۇنكى، شۇ سەۋەبتىن كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىنى يىراق كۆرۈپ مەنسىتمەسلىكى، ھەتتا كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلاپ، مۆرىتى كەلگەندە ئۆچ - ئىنتىقام ئېلىشلىرى، پاسات كۆتۈرۈپ يۈرۈشلىرى كېلىپ چىققان.

*   *   *

ئەگەر ھەر كىشى ئۆز ھاجىتىنىڭ ئۇمىدىنى تىلىسە، ئاۋۋال ئۆزىگە ھاجەتمەن بولغانلارنىڭ ھاجىتىنى ھەل قىلىپ بېرىشكە تىرىشىشى كېرەك.

*   *   *

ئەگەر بىر كىشى ئۆز بەخت - سائادەت گۈلىنىڭ دۆلەت بېغىدا داۋاملىق ئېچىلغان ھالىتىدە تۇرۇشىنى ئۇمىد قىلىدىغان بولسا، ئۇ، ئاجىزلارنىڭ مۇرادىنى بېرىشنى غەنىيمەت بىلىشى كېرەك. مەھرۇم بىچارىلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت - سائادىتىنىڭ ئاساسى دەپ بىلىشى كېرەك.

*   *   *

پادىشاھنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر شەرتى — موھتاجلارنىڭ ھاجەتلىرىگە كۆز تۇتۇش، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇرسەندە قىلىشتۇر. مۆمىنلەر، شاھلار، جىمىكى كىشىلەر بىلسۇنكى، ياخشىلىقتا بولماق، توغرا ئەجىر - ساۋابنىڭ شەرىپىنى قولغا كەلتۈرمەك

www.uyghurkitap.com

ئاسان ئەمەس.

* * *

كىمەرسىكى بىرەر ئىشقا قەدەم قويغاندا، سالماقلىق بىلەن كىرىشسە، شۇ ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك پۈتكۈزىدۇ. ئەگەركى تاقەتسىزلىك قىلسا كۆپىنچە ھاللاردا كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىلەرگە مۇيەسسەر بولالمايدۇ. ئىش مۇرادىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ ، كىشىنى خىجالەت گىردابىغا ئېلىپ بارىدۇ.

* * *

ئاچچىقى ئۆرلىگەندە ئۇنى غەزەپكە تاپشۇرۇپ بەرمەسلىك ۋە بەلكى پىكىر تەپەككۇر يۈزىسىدىن قىلمىدىغان ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە نەزەر سېلىش كېرەك. چۈنكى، ئىش ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىنكى تاپا ۋە مالامەتلەر ھەرگىزمۇ مەنپەئەت بەرمەستۇر.

* * *

يەڭگىللىك ۋە ئالدىراقسانلىق دېگەن خۇددى ئوققا ئوخشاشتۇر. ئەگەر ئۇ جايىدىن چىقىپ كەتسە، قايتۇرۇپ كەلمەك مۇمكىن ئەمەس. ئېغىر ـ بېسىقلىق ۋە سالماقلىق خۇددى قىلىچقا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنى خالىغان چاغدا ئىشلىتىشكە، خالىغان چاغدا ھېچبىر ئىشقا سالماي ساقلاپ قويۇشقا بولىدۇ.

* * *

ئالدىراقسانلىق ھۆكۈمەت كىشىلىرى مىزاجىغا ھېچبىر ۋاقىتتا غەزەپ ھالىتىدەك غالىب بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار دۇچ كەلگەن ھەربىر ئىشقا قارىتا ھۆكۈم نۇقتىسىنى چىڭ تۇتۇپ، ئالدى بىلەن شۇ ئىشنىڭ ئاقىۋەت ـ نەتىجىسىنى ۋە ئۇنىڭ شەكىل ـ سۈرئىتىنى تەپەككۇر ئائىنەسىدە كۆزىتىپ چىقىشى كېرەك.

* * *

ئىشقا مەسلىھەت بىلەن قەدەم باسقاندا، گەرچە كۆڭۈلدىكى مەقسەت ئورۇندالماي قالسىمۇ، كىشىلەر ئارىسىدا تاپا- تەنە كۆرۈلمەيدۇ. كېڭەشنىڭ ھۆرمىتى مەنزۇر تۇتۇلىدۇ.

* * *

بىر كىشىنىڭ زېھنى ھەممە تەرەپلەرنى ئىھاتە قىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئەگەر ياخشى ئۇيۇشتۇرۇلغان بىر توپ كىشىلەر مۇھاكىمە ئېلىپ بارسا، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ خاتىرىسىگە بىردىن تەسەۋۋۇر يېتىپ، ئاربدا ياخشى مەسلىھەت ۋە توغرا يوللار مەيدانغا كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر كىشى دۇچ كەلگەن ئىشلار توغرىسىدا ئەقىل ئىگىلىرى بىلەن كۆپ مەسلىھەتلىشىشى، مەسلىھەتسىز ھالدا ئىشقا كىرىشمەسلىكى لازىمدۇر. مۇشكۇللەرنى ھەل قىلىشتا كېڭەش قىلىشنى پەقەت ئاقىللارلا بىلىدۇ. بىرقانچە ئاقىللارنىڭ تەدبىرى بىر ئاقىلنىڭ تەدبىرىدىن پايدىلىقراقتۇر.

* * *

ئەمىن ۋە ئىشەنچلىك بولغان چوڭ - كىچىك ھەرقانداق كىشىلەردىن مەسلىھەت ۋە كېڭەش سوراش لازىم بولىدۇ. بەزى چاغلاردا چوڭ ئاتىلارنىڭ كۆڭلىگە كەلمىگەن ياخشى پىكىر ۋە خىياللار كىچىكلەرنىڭ خاتىرىسىگە كېلىپ قالىدۇ. تېخى ھېچبىر كىشى مەسلىھەت ۋە پىلاندىن زىيان تارتقىنى يوق.

* * *

ھەربىر كىشى مەيلى شاھ، مەيلى بەگ - سىپاھ ياكى ئاددىي پۇقرالار بولسۇن، دۇچ كەلگەن قىيىنلىرىنى مەسلىھەت ۋە تەدبىر قولىنىڭ ئۈچى بىرلە ھەل قىلىش لازىم بولىدۇ. ئۈچرىماقچى بولغان ھەربىر ھاۋادىساتلارنىڭ خەتىرىنى ھەم شۇ يول بىلەن

توسۇش لازىم بولىدۇ.

* * *

ئەقىللىق كىشىلەر شەخسلەرنىڭ ئىسمى ۋە ئىپتىمالىلىق نەرسىلەر توغرىسىدا ئېھتىياتچان ۋە ھوشيار بولىدۇ. ئۇلار ئىشىنىڭ ئاقىۋەت ئەتراپلىرىغىچە ئېھتىيات پىكىرلىرىنى يۈگۈرتۈپ كۆزىتىدۇ. ئەگەر بىرەر ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئازراق نۇقسان سەزسە، ئىشتىن بۇرۇن تەدبىر كۆرىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەت بولۇپمۇ ھۆكۈمەت ئەھلىلىرىگە ئالدىن زۆرۈر.

* * *

تولا كىشىلەر ئېھتىيات ئارغامچىسىنى تۇتالمايدۇ، بىپەرۋالىق قىلىدۇ. ئاخىرى زىيان تارتىپ نابۇت بولىدۇ.

* * *

ئىنسانغا ھەر بالالار غەپلەت ۋە بىپەرۋالىقتىن كېلىدۇ.

* * *

شىجائەت ــــ قورقۇنچاقلىق بىلەن چوڭ يۈرەكلىك ئارىسىدىكى ئوتتۇراھال دەرىجىدە ئىپادىلىنىدىغان بىر خىل قۇۋۋەت بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت ئەخلاقىدىكى بارلىق ئارتۇقچىلىقلارنىڭ ئانىسىدۇر.

* * *

يۈرەكلىك ــــ دۈشمەنلەرنىڭ چىشلىرىنى سۇغۇرۇۋالايدۇ. يۈرەكسىزلىك ــــ دۈشمەنلەرنى ئۈمىدلەندۈرۈپ قويىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، يۈرەكسىزلەرنىڭ كۆپى خەنجەر بىسىدا ئۆلىدۇ. شىجائەتلىك كىشىلەر بولسا، تولا چاغلاردا ھالاكەت تورلىرىدىن ئەپچىللىك بىلەن چىقىپ كېتەلەيدۇ.

* * *

ئەگەر بىر كىشى جۈرئەت ـ شىجائەت بابىدا خالىس بولۇپ،

ئالتۇنغا ئوخشاش ساپ بولسا، جەڭدىن سالامەت قايتىپ چىقىشى مۇمكىن. ئەگەر قورقۇنچ داشقىلى ئارىلىشىپ قالسا، ئۇنىڭ ساق قېلىشىدىن ئۈمىد ئاز.

*    *    *

شىجائەتلىك ئەرلەرنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئول كىشىلەر ئۆزلىرىنى ھەمىشە ئۇلۇغ ۋە قىيىن ئىشلارغا بېغىشلايدۇ. ئۆز خاھىشىنى نى - نى ئەلەم يۈكلىرىنى كۆتۈرۈشكە كۆندۈرىدۇ. ئۇلار ئۆز ئەجرى پاكلىقى بىلەن بۈيۈك سەردارلىق دەرىجىسىگە تەرەققىي قىلىدۇ.

*    *    *

ئەگەر بىر كىشى جان كويىدىن كەچمىسە، ئاخىرىدا ئۇنداق كىشىدىن باشقىلارنى خۇشال قىلغۇدەك بىرەر نەتىجە، ھېكايە قىلغۇدەك بىرەر خىزمەت مەيدانغا چىقمايدۇ.

*    *    *

ھەر قانداق كىشى سۇلھى تەرەپكە مەيل ئەتسە، پاراسەت تەرەپكە ئۆتۈپ چىقىمدار بولمايدۇ.

*    *    *

ھەربىر چوڭ ۋە مۇھىم تەدبىرلەردە، سىياسەتنى كۈچەيتىشتە، پادىشاھلار ئۈچۈن غەيرەتنى كۆزدە تۇتماي چارە يوق.

*    *    *

سىياسەتنىڭ مەنىسى — كىشىنى غەمگە سالماق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىستېلا مەنىسى مەملىكەتنى تەسەررۇپ قىلىپ باشقۇرۇش، ھەر كىشىنى ئۆزىگە لايىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش دېگەنلىكتۇر. سىياسەت ئىككى خىل بولۇر. بىرى، ئۆز نەپسىگە سىياسەت قىلىش، يەنە بىرى، باشقا كىشىلەرگە سىياسەت قىلىش.

* * *

كىشىنىڭ ئۆز نەپسىنىڭ سىياسىتى بولسا، بارلىق كىشىلەر نەپرەت قىلىدىغان يىرگىنچلىك ئىللەتلەرنى ئۆزىدىن ئېلىپ تاشلاپ، بۈيۈك ئەخلاقلارنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرمەكتۇر.

باشقىلارغا قوللىنىدىغان سىياسەت يەنە ئۆز بۇرچىدا ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، ئۆزىنىڭ سەپداشلىرىغا ۋە مۇلازىم، ئەمەلدارلىرىغا قوللىنىدىغان سىياسەت. يەنە بىرى، باشقا رەئىيەلەرگە قوللىنىدىغان سىياسەت. پادىشاھ ئۆز مەملىكىتىدىكى بارلىق بۇزۇقلارنى، ئوغرى - قاراقچىلارنى، ناكەسلىك كىشىلەرنى داۋاملىق بېسىم ۋە زەربە ئاستىغا ئېلىش ئارقىلىق، ھەمىشە ئىنتىزاپتا ۋە بىئاراملىقتا تۇتۇش. ياخشى نىيەت، ساپ دىل كىشىلەرنى ھەمىشە خۇشاللىقتا ۋە ئۈمىدۋارلىق ئىلكىدە تۇتۇش.

* * *

ھەر ئىككى ئالەمنىڭ مادارى سىياسەت بولۇپ، ئەگەر توغرا سىياسەت بولمىسا، دۆلەت ئىشلىرىنىڭ نورمال تەرتىپ - نىزامى بولمايدۇ. ئەگەر ئەدەپ بېرىش بىلەن ئازابلاش رەسمىيىتى بولمىسا، ئۇ چاغدا يۇرتنىڭ مۇھىم ئىشلىرى بۇزۇلۇشقا يۈز تۇتىدۇ.

* * *

ئەگەر شەرىئەتنىڭ قائىدىسى بولمىسا، ھەرقانداق بىر ھەق ئۆز مەركىزىدە قارار تاپمايدۇ. سىياسەتنىڭ باشقۇرۇشى يوق بولسا، نىزام ھاسىل بولمايدۇ.

* * *

ئالەمنىڭ مادارى، مەملىكەتنىڭ قارارى سىياسەت ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر.

* * *

مەملىكەتنى سىياسەتتىن باشقا نەرسە بىلەن زەپتى قىلىپ باشقۇرغىلى بولمايدۇ.

* * *

سەلتەنەت دەرەخكە، سىياسەت بولسا، سۇغا ئوخشايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇچۇن پادىشاھلار پادىشاھلىق دەرىخىنىڭ يىلتىزىنى سىياسەت سۈيى بىلەن سۇغىرىپ، تازا تۇتۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭدىن ئەمىنلىك مېۋىسى پىشىپ چىقىدۇ.

* * *

سىياسەتنى ئايرىم ساندىكى يامان نىيەتلىك بۇزۇقلارغا ئىشلىتىش كېرەك. كىشىلەرگە داۋاملىق زىيانكەشلىك قىلىدىغان، چايانغا ئوخشاش ئۇچرىغانلىكى كىشىلەرنى چېقىپ تۇرىدىغان بەتئەندىشىلەرگە ئىشلىتىش كېرەك.

* * *

كىشىلەرگە يامانلىق ۋە زۇلۇم ـ سىتەمدىن باشقا ئىش كەلمەيدىغانلار، مانا بۇلارغا سىياسەتنى راسا قاتتىق ئىشلىتىپ جازالاشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇلارنى باشقۇرۇشتا مۇنداق مۇئامىلىدە بولغان دۇرۇس: ئالدى بىلەن ئۇلارغا شەپقەت بىلدۈرۈش، ياخشى ئىش قىلىشقا ئۈندەش، يامان جازالار بىلەن تەنبىھ قىلىپ، يامان يولدىن ياندۇرۇش، نەتىجە بولمىسا، ئۇلارغا قاتتىق پوزىتسىيە بىلەن ھەيۋە كۆرسىتىش، يەنە نەتىجىسى بولمىسا جازا كۆرسىتىش، ئۇنىڭ بىلەن تۈزەلمىسە قاماش، بەند قىلىش كېرەك، ئاخىرقى پەيتتە ئۆزگەرمىسە ئۆلتۈرۈش جازاسىنى بېرىش كېرەك.

* * *

سىياسەتنىڭ نەتىجىلىرىدىن بىرى ـ پىتنىنى يوقىتىشتۇر. چۈنكى، پىتنى قوزغايدىغان ئادەم ئاخىرىدا خەلق ئارىسىدا

www.uyghurkitap.com

ئەندىشە ئۇرۇقلىرىنى ھەر تەرەپكە چېچىپ بارىدۇ. ئەگەر ئۇلار سىياسەتنىڭ ئوتى ئۆرلەپ ئۆتكۈرلەشكەنلىكىنى كۆرسە دەرھال ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ پىنھان بولىدۇ. ئەگەر سىياسەت ئىشىدا ئازغىنە يوچۇق ياكى بوشلۇقنى تاپسا، نورمال ھەرىكەتلىنىپ، مىلىڭ پىتنىنىڭ بۇلاقلىرىنى ئاچىدۇ، ئالەمگە ھەر تەرەپتىن بۇزغۇنچىلىق ئوتلىرىنى ياقىدۇ.

* * *

كىشىلەرنى خالىغان چاغلاردا مەيلى پادىشاھقا ياكى ۋەزىرلەرگە كۆڭلىدىكى سۆزلىرىنى ئېيتالايدىغان تۈزۈملەرنى جارى قىلدۇرغاندا، پادىشاھ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۆڭلى جۇزئىي ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولالايدۇ. ئەنە شۇ ھالدا پادىشاھنىڭ مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك خادىملىرى ۋە پۇقرالار ئىچىدە پادىشاھ يولغا قويغان تۈزۈملەرگە ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان، ھېچبىر كىشى قالايمىقان سۆز - ھەرىكەت قىلالمايدىغان نوپۇزلۇق كەيپىيات ئومۇملىشىدۇ.

* * *

غەپلەتنى قايتۇرۇش ۋە ئۇنى بىسىپ چۈشۈش ئەلۋەتتە ھوشيار كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىدۇر. بولۇپمۇ پادىشاھلار ھوشيار ۋە بىدارلىقنى ئۆزىگە پەزىلەت قىلسا، كۆز ئالدىدىكى ھەربىر ئىشلىرىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالايدۇ.

* * *

ھەربىر ئاگاھلىق — ھۆكۈمدە يېڭىلمەسلىكنىڭ ئاساسىدۇر.

* * *

پادىشاھلىقنىڭ جارىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتلىرى: ئوچۇق دەلىل - ئىسپات ۋە غەرەزسىز گۇۋاھچىلارنىڭ بەرگەن خەۋەرلىرىنىڭ ئەينىكىدە ۋەقەلىكنىڭ ھەقىقىي جامالىنى

كۆزىتىپ كۆرمەي ھۆكۈم قىلماسلىقتۇر.

* * *

تولا چاغلاردىكى ئاساسسىز گۇمانلار كىشىلەرنى ئاسىيلىق تەرىپىگە ئېلىپ بارىدۇ.

* * *

ئەگەر پادىشاھ ۋە ھاكىملار ئالدىغا كەلگەن چوڭ ـ كىچىك ھەرقانداق ئىشنى دەلىل ـ ئىسپاتلىرى بويىچە ھەقىقەتلىمەستىن، پەقەت گۇمانىي تۇيغۇلار بىلەن ھۆكۈم قىلىۋەتسە، يەنە كېلىپ بۇ گۇمان خاتا بولۇپ كۆرۈلسە، ئۇ چاغدا ئۆزىنى تەڭرىنىڭ جازاسىغا قالدۇرغان بولىدۇ.

* * *

سۆز جەۋھىرى بارلىق جاۋاھىراتتىن ياخشىراقدۇر.

* * *

كۆز بىلەن كۆرۈلگەن ھەرقانداق نەرسە ھەق ۋە ھەقىقەتتۇر ئەمما قۇلاق بىلەن ئاڭلانغان نەرسە گۇماندۇر. ئۇنىڭ باتىللىق ئېھتىمالى ھەم كۆپتۇر.

* * *

ھەر كىشى ھەم نەپسىنىڭ ئارزۇسىغا ھېرىس بولسا، ئۇ چاغدا ھېچ كىشىدىن پەرۋا قىلمايدىغان، ھەممە نەرسىدىن بىخەۋەر بولۇپ قالىدۇ.

* * *

كىشىكىم نەپسى شەھۋەت ئارزۇسى ئەنى مەست ئەتتى،
دېگىل ئەلبەتتە كىم بارچە ئىش ئەنىڭ ئىلكىدە كەتتى.

* * *

ئەگەر پادىشاھلار مال يىغىشقا ھېرىس بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا ھالال ـ ھارامغا چەك قويمايدۇ ھەم مەملىكەت بىلەن خەلقنىڭ

www.uyghurkitap.com

غېمىنى يېمەيدۇ. ئۆزىدىن باشقا كىشىدە ئىقتىسادىي مال ـ مۈلۈكنىڭ بولۇشىنى راۋا كۆرمەيدۇ، ھەممە ئىقتىسادنى ئۆزىگە توپلايدۇكى، تويمايدۇ.

* * *

پادىشاھلار شارابخۇمارلىق ۋە مەست ھالەتتىن ساقلىنىشى كېرەك. ئەگەر پادىشاھلار مەستلىككە يۈزلەنسە، ھەممە مۈلكىدىن بىخەۋەر بولىدۇ. بۇ پۇرسەتتە پادىشاھنىڭ بىر قىسىم قالاق خادىملىرى ئۇنى مۈلۈكتىن غاپىل تېپىپ، ئۆزلىرى خالىغانچە ئىسراپ ئېتىدۇ.

* * *

مەستلىكتە سادىر بولغان قەبىھ ئىشلار بەكمۇ كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبىدىن ئىنسانغا يېتىدىغان زەرەرنىڭ سانىنى بىلىپ بولماستۇر. ئەگەر، ھوشيارلىقنىڭ يېنىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۇ خىل زىياننى يەنە تولدۇرالمايسەن.

* * *

پاراسەت — ھۆكۈمەت ئەھلىلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي سۈپەتلىرىدىن بىرى بولۇپ سانىلىدۇ. ھۆكۈمەت باشلىقلىرى يۈز بەرگەن ھاۋادىساتلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىگە، سەۋەب ـ نەتىجىسىگە ئەقىل كۆزى بىلەن قاراش كېرەك. دەلىللەر، ئىسپاتلار ھەقىقەتلەشكەندە، ئۇنىڭغا شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە ئادالەتنىڭ يولى بىلەن توغرا ھۆكۈم قىلىش كېرەك. ئەگەر مەسىلىنىڭ ھەقىقىتى يوشۇرۇن بولسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا پاراسەتنىڭ نۇرى بىلەن تەھلىل يۈرگۈزۈشكە يۈزلىنىش كېرەك. بۇنىڭدا ھەرگىز سۆز يۆتكەيدىغان كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىشكە بولمايدۇ. قەدىمكى ئالىملار ھۆكۈمەتنىڭ زىنىنتى — پاراسەت نۇرى بىلەن بولىدۇ، دەيدۇ.

* * *

پاراسەت ئىككى خىلدۇر: بىرى، پاراسەتى ھۆكۈمى، يەنە بىرى، پاراسەتى شەرئىدۇر. پاراسەتى شەرئى بولسا، كىشىنىڭ ئىچكى ئەزاسى پاك، كۆڭلى ساپ بولۇش، بىپەرۋالىق پەردىسى دىل كۆزىدىن كۆتۈرۈلۈپ، جەزمىيەت نۇرى بىلەن شەيئىلەرنى كۆرىدىغان، كۆرگەن مەنزىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى تاپالايدىغان بولۇش.

* * *

ئادەمزاتنىڭ قەلبىدىكى نەرسە ئىككى ئىشتىن تاشقىرى ئەمەس. ياكى نېمەتنىڭ بەلگىسى ياكى مېھنەتنىڭ بايانى. ئەگەر نېمەتنىڭ ئاتاسى بولسا، بۇنى ھەسەتخورلار كۆزى چۈشمەسلىك ياكى ئاپىتى يەتمەسلىك ئۈچۈن مەخپىي تۇتۇش كېرەك. ئەگەر مېھنەت بالاسى بولسا، دوستلارنى غەمگە تاشلىماسلىق، دۈشمەنلەرنى خۇشال قىلماسلىق ئۈچۈن مەخپىي تۇتۇش كېرەك.

* * *

ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ كۆڭۈل ئائىنەسىدە ئوچۇق ـ ئاشكارادۇركى، ئىنساننىڭ ئەزىز ئۆمرى خۇددى كېچىلىرى چاقنىغان چېقىنداقتەك تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان نەرسىدۇر. تىرىكلىكنىڭ سائەتلىرى خۇددى دەريا مەۋجىدەك ئۆتۈپ تۇرىدۇ.

* * *

ھاياتلىقتىن ئۆتكەن ھەربىر سائەت تەڭداشسىز گۆھەردۇركى، ھەربىر ئىنسان ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلىشى كېرەك.

* * *

ھاياتلىقتىن مەلۇم مىقدار قالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مىقدارىدىن ھېچبىر كىشىگە بەلگە بەرمەيدۇ. ئۆتكەن زامان بىلەن كەلگۈسى زامان ئوتتۇرىسىدا بىر ۋاقىت بولۇپ، بۇ ھازىرقى زامان دەپ

ئاتىلىدۇ. شۇڭا، ھەربىر ئىشنى شۇ ۋاقتىدا پۈتكۈزۈۋېلىش كېرەك.

* * *

مۇنداق ھەمىشە تۇرمايدىغان روزغار ۋە بىقارا زاماندا، چوڭ بەخت ـ دۆلەت ئىگىسى بولالايدىغان كىشى، ئۆزىنىڭ ياخشى ئەخلاق ۋە ساخاۋەتلىرىدىن خەلق تىلىكىدە يادىكار قالدۇرالىغان كىشىدۇر. چۈنكى، ياخشى نام ئىنسان ئۈچۈن ئىككىنچى ھاياتلىق ئورنىدا نۇسرەت بېرىدۇ.

* * *

خالايىقنىڭ تىرىكلىكى پەقەت بۇ تەن بىلەن جاھاننىڭ باقىيلىقى ئەمەس. ھەممە كىشى بىر ئادەمنىڭ جىسمانىي ھاياتى مىڭ يىلغا يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەمما كىشىلەرنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى قېپقالىدىغان ياخشى نامى بولسا، ئۇل كىشىنىڭ ئىككىنچى بىر ھاياتىدۇر.

* * *

پادىشاھنىڭ ھۆرمىتى ئەدلى بىلەن ئەمەس، بەلكى زۇلۇم بىلەن بۇزۇلىدۇ، پادىشاھنىڭ شەۋكەت بىناسى ئەدلى ئاساسىغا قۇرۇلغان.

* * *

بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلارغا خىزمەت قىلىپ، ئۇلارنى خۇرسەندە قىلىشى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى كۆزلەشنىڭ نىشانىسىدۇر.

* * *

ئانىسىنىڭ رازىلىقى ۋە دۇئاسى ئاتىسىنىڭ خوشنۇدلىقى ۋە دۇئاسىدىنمۇ كۆپ نەتىجە بېرىدۇ.

*    *    *

ئۇستازلىرىنى ھۆرمەتلەش ھەممە شاگىرتلارنىڭ شەرەپلىك خۇسۇسىيىتى دەپ ئۇلۇغلىنىدۇ. ئالەم ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ بەركىتىدىن بەرپا بولۇپ تۇرىدۇ.

*    *    *

پادىشاھلارنىڭ ئوردىسى پۈتۈن ئېقلىمنىڭ ھەممە موھتاجمەنلىرى ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر چوڭ ھويلىغا ئوخشايدۇكى، ئۇلارنىڭ ھەقەمسايە - قوشنالىق ھەقلىرى شۇ پادىشاھنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەردار بولۇش پادىشاھلارغا لازىم ۋە ۋاجىپتۇر.

*    *    *

مېھماننى ئەزىز تۇتۇشنىڭ ئۇسۇلى شۇ مېھماننىڭ خەلق ئارىسىدا ئابرۇيى ئۆسكۈدەك تەرىزدە ھۆرمەتلەپ ئالدىغا كېلىش، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنىڭ يېتىشىچە شۇ مېھمانغا زىياپەت قىلىش بىلەن بولىدۇ.

*    *    *

ئالىم - ھەكىملەرنىڭ، شەرەپ ئىگىلىرىنىڭ خىزمىتىدە كەمچىلىك ئۆتكۈزۈش خىجالەت ۋە نادامەتنى كەلتۈرىدۇ. ئاجىزلارنىڭ خىزمىتىدە كەمچىلىك ئۆتكۈزۈش بەتنامىلىق بىلەن پۇشايماننى ئەكېلىدۇ.

*    *    *

مېھماندارلىقنىڭ يەنە بىر نىشانىسى — ئەگەر مېھماندىن مېھمانلىق ھالەتتە بىرەر خاتالىق كۆرۈلسە ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن سەۋەنلىك يۈز بەرگەن بولسا، ئاندىن كىشىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ بىر لوقما تائام يېسە، ئەلۋەتتە ئۇنى ئەپۇ قىلىش كېرەك.

* * *

گۇناھكارغا شاپائەت قىلغۇچى ئەلۋەتتە ئۇلۇغ كىشىلەردىن بولۇشى مۇمكىن. شاپائەت — ئىلتىجا بىلەن تىلەش بولىدۇ. شۇڭا مۇنداق كىشىلەرنىڭ سۆزىنى ھۆرمەتلەش گۇناھكارلارنىڭ گۇناھىنى شۇلارنىڭ تىلىكى بىلەن ئەپۇ قىلىش سائادەت ئەھلىنىڭ پەزىلەتلىرىدىن بولىدۇ.

* * *

پادىشاھلار ۋە ھۆكۈمەت باشلىقلىرى ئۈچۈن، گۇناھكارلارنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىش — ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنىڭ بەلەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلارنىڭ ھىممىتىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شاپائەتچىلەرنىڭ سۆزلىرى ئۇلارنىڭ مەرھەمەتلىرىنىڭ زۇھۇرىغا كېلىپ ئاشكارىلىنىشىغا سەۋەبتۇر.

* * *

گۇناھكارلارنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىش — ئىختىيار ئەھلىنىڭ مەرھەمىتى، ئىختىدا ئىگىلىرىنىڭ شەپقەتلىرى ئەسەرلىرىدىندۇر.

* * *

ئالىملار، ھەكىملەر، دانالار بىلەن سۆھبەتتە ئولتۇرۇش — سائادەتى ئەبەدىنىڭ كىمىياسى، دەۋلەتى ئەبەدىنىڭ رەھنامەسىدۇر.

* * *

دۆلەت باشقۇرۇش ۋە يول تۇتۇشنىڭ ئۇنۇملۇك چارىلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن ئۇنى ئەمەللەردە تەتبىقلاپ نەتىجە ھاسىل قىلالىسا، ھېكمەت - سىياسەتنى ئۆزلەشتۈرگەن بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلىما، ھۆكۈما ۋە ئارىپلەر بىلەن سۆھبەتتە بولۇپ، جاھىللار، غاپىللار ۋە بۇزۇقلاردىن ساقلىنىش لازىم.

*   *   *

يۇمشاقلىق، خۇشخۇيلۇق بىلەن بولمىغان نەسىھەتنىڭ نەتىجىسى بولمايدۇ.

*   *   *

ھەممە كىشى ئەقىلگە موھتاج، ئەقىلنىڭ يەنە تەجرىبىگە ئېھتىياجى بار. چۈنكى، تەجرىبە دېگەن ئەقىلنىڭ ئەينىكى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىشنىڭ توغرا ياكى خاتا بولغانلىق سۈرىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

*   *   *

ھاياتلىق روزغارىنىڭ تەجرىبىلىرى ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە كۆپ خىل تىرىكلىك ئىشلىرى بىلەن قولغا كېلىدۇ.

*   *   *

ياخشى كىشىلەرنىڭ سۆھبىتىگە قاتنىشىش ۋە ئۇنىڭغا مايىل قىلىش ۋاجىپ بولغاندەك، يامانلارغا ئارىلىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىشمۇ ۋاجىپتۇر. چۈنكى ھەر تائىپە سۆھبىتى ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ياخشى كىشىلەرنىڭ سۆھبىتىگە قاتنىشىش دۆلەتكە بەخت ـ سائادەت نەتىجىسىنى بەرگەندەك، بەتنىيەتلەرنىڭ سۆھبىتىگە قاتنىششمۇ خارلىق ۋە پۇشايماننى كەلتۈرۈپ بېرىدۇ.

*   *   *

يامانلار ئاساسىي جەھەتتىن ئىككى خىل بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، شەھەر ـ ۋىلايەتتىن يوقىتىپ، ئاپىتىنى تۈگىتىشكە تېگىشلىك بولغانلار. ئۇلار ئوغرى، قاراقچى، بۇلاڭچىلار بولۇپ، ئۇلارنى يىلتىزىدىن يوق قىلىپ، پۇقرالارنى خاتىرجەم قىلىش ھوقۇق ئىگىلىرىگە ۋاجىپتۇر. ئىككىنچىسى، ئۆز سۆھبىتىگە داخىل قىلمايدىغانلاردۇر.

*    *    *

جازاغا رەھىم ئارىلىشىپ قالسا، ئىبرەتنىڭ قىممىتى بولمايدۇ.

*    *    *

ئەڭ كۆپ ئەمەل قىلىدىغان قائىدە ــــ سۆخەنچىنىڭ ئۆز تەرىپىگە يول بەرمەسلىك، ئۇنى دىلدا دۈشمەن تۇتۇپ، سۆزىگە قۇلاق سالماسلىقتۇر.

*    *    *

سۆھبەتتىن چەكلەشكە زۆرۈر بولغانلارنىڭ يەنە بىر قىسمى چېقىمچىلار بولۇپ، كىشىنىڭ ئەھۋالىنى ئاشكارىلىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ يۈزىنى كۆرمەسلىك، سۆزىنى ئاڭلىماسلىق دۇرۇستۇر.

*    *    *

ئەگەر مېنىڭ مەرتىۋەم ئۆسسۇن دېسەڭ، پادىشاھنىڭ قېشىدا بارلىق مۇلازىملاردىن يېقىنراق بولاي دېسەڭ، ئۈچ خىل ئىشنى قىلمىغىن: بىرىنچى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا خار ۋە زەبۇن بولماسلىق ئۈچۈن يالغان سۆزلىمىگىن، يالغانچىنىڭ ھالى زەبۇندۇر. ئىككىنچى، مېنىڭ قېشىمدا مېنى مەدھىيىلىمە، چۈنكى مەن ئۆز ئەھۋالىمنى سەندىن ياخشىراق بىلىمەن. ئۈچىنچى، چېقىمچىلىق قىلمىغىن، خىزمەتچىلەرنىڭ، پۇقرالارنىڭ يامانلىقىنى ماڭا ئېيتمىغىن. ئەگەر مەن سېنىڭ چاققىنىڭغا ئىشىنىپ كېتىپ، ئۇلارغا يامان گۇماندا بولسام، ئۇنى باشقىلار ئاڭلىسا قورقىدۇ. ئاندىن باشقىلارغا تېۋىنىدىغان، ئۇنىڭدىن ئىلتىپات كۈتىدىغان بولۇپ قالىدۇ. پۇقرالار ئاڭلىسا، مەندىن قورقۇپ، باشقا پادىشاھنى سېغىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەنە شۇ كىچىك سەۋەب چوڭ بولۇپ، مۈلكى دۆلەتكە ئاپەت ۋە ئەندىشە پەيدا بولىدۇ.

* * *

پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە ئەمەس كىشىلەر مۇۋاپىقتۇر، خىيانەتچىل ئادەملەر بولسا بولمايدۇ. چۈنكى ئەمنىلىك ئىززەت ۋە ھۆرمەتنى جارى كەلتۈرىدۇ. خىيانەت ـــ خارلىق ۋە ئاھانەتنى پەيدا قىلىدۇ. يەنە ئۇلار تەمەخور بولماي قانائەتچان كىشىلەردىن بولۇشى كېرەك. چۈنكى قانائەت دېگەن تۈگىمەس بايلىق، تەمە بولسا داۋاسىز كېسەلدۇر.

* * *

باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەستىن، ياخشى ئەخلاقىنى سۆزلەيدىغان بولۇش كېرەك. چۈنكى ياخشى سۆز بىلەن ئادەم باشقىلارنىڭ ئالدىدا مەرغۇپ ۋە مەقبۇل بولىدۇ. ئەيىب ئىزدەش بىلەن ئۆزى خار بولىدۇ. لاپ ئۇرغان كىشى ئىناۋەتسىز بولىدۇ. پادىشاھلار ئۈچۈن مۇناپىق ئەمەس، مۇۋاپىق كىشىلەر كېرەك.

* * *

ھەسەت دېگەن ھېچقانداق دورا بىلەن ئىلاج قوبۇل قىلمايدىغان بىر خىل زەھەر، شىپا تاپمايدىغان بىر خىل كېسەلدۇر.

* * *

ھەسەت بالاسى چوڭ بۇزغۇنچىلىقنى ئەكېلىدۇ. چۈنكى ھەسەت ئىنسانغا يۇققان بەكمۇ قەبىھ، بەكمۇ يامان ئەخلاقتۇر.

* * *

پاسكىنا تەبىئەتنىڭ خىيالى كىشىلەرنىڭ زاتىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ.

* * *

ھەسەت دېگەن ئىنساندىكى بارلىق سۈپەتلەرنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن ناچار، ھەممىدىن پەسرەكى بولۇپ، ئۇ تۆۋەن ھىممەت،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

پاسكىنا تەبىئەتتىن تۇغۇلىدۇ. ئۇ ھەم بىلىمسىزلىكنىڭ نەتىجىلىرىدۇر.

*   *   *

هەسەت — ئەقىلنىڭ ناچار، بۇزۇقلۇقىغا پاكىت، ھەسەتخور — داۋاملىق رەۋىشتە باشقىلارنىڭ راھىتىدىن مۇشەققەت چېكىدۇ.

*   *   *

ساخاۋەت كىشىنىڭ باشقا ئەيىبلىرىنى ياپقاندەك، بېخىللىقمۇ كىشىنىڭ سۈپەت ۋە نەتىجىلىرىنى يېپىپ كېتىدۇ.

*   *   *

پادىشاھلار ھىممەت ئەھلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە پەس ھىممەتلىكلەرنىڭ تۇرغىنى تولا پالاكەتلىكتۇر، تۆۋەن ھىممەت بېخىللىقتىنمۇ، مىسكىنلىكتىنمۇ يامان ئەخلاقتۇر. بېخىللار ئانچە ـ مۇنچە يەيدۇكى، كىشىگە بەرمەيدۇ.

*   *   *

غەيۋەتخورلار مۇردا تاپى يەيدىغان قۇرتلاردۇر. ھەر ئادەمدە ئادەملىك سالاھىيەت بار بولسا، تاپ يېيىشتىن ھەزەر قىلىش كېرەك.

*   *   *

ئەگەر غەزەپنى يۇتساڭ، ئۇنىڭ لەززىتىنى تاپىسەن.

*   *   *

غەيۋەت — ياخشى ئەمەلنى باتىل قىلىدۇ.

*   *   *

مۇلكى ھاكىملار ئۆزلىرىنىڭ سۆھبەتلىرىنى ۋە خادىملىرىنى غەيۋەت ۋە بوھتاندىن پاك تۇتۇشى كېرەك. غەيۋەت قىلىش ناپاكلىق بولغاندەك، ئۇنى ئاڭلاشمۇ ناپاكلىقتۇر. بۇلارنىڭ ھەر

ئىككىلىسى ئازابتا ئوخشاش بولىدۇ.

* * *

سۆز قىزى دىل پەردىسىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزى ئېچىلمىغان بولسا، ئۇ ھامان سېنىڭ ئىختىيارىڭغا بويسۇنىدىغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ سۆز خامۇشلۇق پەردىسىدىن چىقىپ كەتسە، ئۇ ھالدا ھەرگىزمۇ ساڭا بويسۇنمايدۇ. ئۇنى قايتۇرۇۋېلىش ياكى مەخپىي قىلىش ئېخىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ.

* * *

قورساق بېتىدىن ئاشكارىلىق مەيدانىغا چىققان ھەربىر كەلىمە سۆز ياكى راستلىق سۈرىتىدە ياكى يالغانلىق ھالىتىدە ئاشكارىلىنىدۇ. ئەگەر شۇ سۆز راست بولغان تەقدىردە ئۇنىڭ ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر يالغان بولغاندا، ئۇنىڭ زىيانلىرىنى سۆزلەپ بايان قىلىش ھاجەت ئەمەس. ھەر ئىككى ھالدا سۆزلىمەسلىك ياخشىراق.

* * *

پادىشاھقا يېتىدىغان ئاپەت ھېچ ۋاقىت مەملىكەت ئىچى ۋە خەلق ئەھۋالىدىن بىخەۋەر بولغان چاغدىكىدىن پاجىئەلىك ۋە ئېغىر بولمايدۇ.

* * *

پادىشاھلىق ئىمارىتىنىڭ تۆت تۈۋرۈكى باردۇر. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى بولمىسا، بۇ ئىمارەت ئىشەنچلىك ئەمەس.

بىرىنچى، مەملىكەتنى دۈشمەندىن قوغداپ، مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئەمىر.

ئىككىنچى، پادىشاھنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىغا توغرا مەسلىھەت كۆرسىتەلەيدىغان، پادىشاھنىڭ خەزىنە ئىقتىسادلىرىنى ئۆز يولىدا سەرپ ئېتىشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، خادىملارغا ۋە ئۇلارنىڭ

تۇرمۇش ـ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلالايدىغان ۋەزىر.

ئۈچىنچى، بۇزۇقلارنى تەربىيە قىلىپ ئۆزگەرتەلەيدىغان ھاكىم.

تۆتىنچى، ساپ دىل، توغرا نىيەتلىك خەۋەرچى.

بۇلارسىز پادىشاھلىق ئىشلىرى ۋۇجۇد تاپالمايدۇ. پادىشاھ ئەمىر ـ ۋەزىرلەرگە داۋاملىق ئىززەت ۋە ھۆرمەت ئىپادىلىشى، ئۇلارغا شەپقەت نۇرى بىلەن مۇئامىلە قىلىشى لازىم. ئۇلار ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان نەرسە ۋە شارائىتنى ئۇلاردىن ئايىماسلىقى لازىم. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ئۇنۇملۇك ئورۇندىسا، ئۇنىڭغا تېگىشلىك ئىنئام ۋە مۇكاپاتنى بېرىش كېرەك. ئەگەر ئۇلاردىن ئۆز ۋەزىپىسىنى بېجىرىشتە بوشاڭلىق، بىپەرۋالىق قىلىدىغانلىرى كۆرۈلسە، مەسئۇلىيەت بويىچە نەسىھەت قىلىش كېرەك. ئەگەر يەنە ئەيىبىنى تۈزەتمىسە، سالاھىيەتكە توغرا كەلمىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇلارغا ۋاقتىدا ئەدەپ ئىجرا قىلىش توغرا كېلىدۇ.

* * *

ئەگەر غەزەپ كۈچى بىلەن ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ يۇمشاقلىق چارىسىنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك. ھېكمەت شۇكى، جاراھەتكە تىغ ئۇرۇش مەلھەم قويۇشتىن ياخشىراق ئۈنۈم بېرىدۇ.

* * *

ئەگەر پادىشاھ بىر كىشىنى ئەتىۋارلاپ ئۆزىگە يېقىن تۇتماقچى بولسا، بىراقلا ئۆستۈرمەي، دەرىجىمۇ دەرىجە قىلىش كېرەك. شۇنىڭدەك تۆۋەنلەتمەكچى بولغاندىمۇ ھەم شۇ يولنى تۇتقان يوللۇقتۇر.

*   *   *

خەسىسنى پەرۋىش قىلىش خۇددى ئۆز ئابرۇيىنى ئۆزى تۆكۈش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. چۈنكى، خەسىس سۇدىن تۆرەلگەن مەخلۇق. ھەرقانچە ياخشىلارنىڭ تەربىيىسىنى ئالسىمۇ، ئۇ ھامان يامانلىقىدىن ئۆزگىرىپ كېتەلمەيدۇ.

*   *   *

بىر كىشىگە ھەر ۋاقىتتا بىر يولى ئىككى ۋەزىپە تاپشۇرۇلماسلىقى كېرەك، ئۇنداق ھاللارنىڭ تولىسىدا بەجا قىلغۇچى يېتىشەلمەي، ۋەزىپىنى چالا قىلىپ گۇناھ نۇقتىسىغا بېرىپ قالىدۇ.

*   *   *

پادىشاھنىڭ ئۆز يېقىنلىرىنى تەربىيىلەشتە ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى ئۆزىگە لايىق بىرخىل ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قائىدىدۇر. بىرى مەسئۇل بولغان ئىشقا ئىككىنچىسى ئارىلىشىۋالماسلىقى لازىم. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ قىلغان خىزمەتلىرىگە لايىق ئىززەت ـ ئىكرام بەخش ئېتىلىشى لازىمكى، ئۇلارنىڭ قالايمىقان ئىشلىرىغا يول قويۇلماسلىقى كېرەك. ئۇلار بىرەر پىكىر بايان قىلسا، ئاڭلاش كېرەك. لېكىن ئۇلارنى كۆپ قېتىملىق كۆزىتىشتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ ئىشەنچ مەۋقەسىنى تىكلەشكە بولماسدۇر.

*   *   *

بىلىش كېرەككى، ھەر ئىلىمنىڭ ئۆز ماۋزۇسى بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئاشۇ ئىلىمنىڭ ماھىيىتى، ھادىسە ـ قائىدىلىرى خۇسۇسىدا بەس ـ مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

*   *   *

غەرەز ئارىلاش ئىشلار بىلەن ياخشى ئەمەل قىلغۇچى كىشى ساۋابتىن مەھرۇمدۇر.

*   *   *

دۇنيادا ئىنسانلارغا بېرىلگەن پادىشاھلىق نېمىتى ھەممە نېمەتلەردىن ئالىي بولغانلىقتىن، پادىشاھلار داۋاملىق بۇ نېمەتلەرنىڭ شۈكرىسىنى ئادا قىلىشى كېرەك.

*   *   *

ھەركىم زامانە ھاۋادىسلىرى ئەلۋەتتە ئۇل كىشىنىڭ ئۈمىد ئوقى مۇراد نىشانىسىگە يېتىدۇ. ھەرنە بالالەر ئۇنىڭغا رەنج كەلتۈرمەيدۇ. چۈنكى سەۋر بولسا، خۇرسەنلىك ئاچقۇسىدۇر، راھەت ۋە ئامانلىق ئۆيىنىڭ ئىشىكى مۇندىن ئۆزگە ئاچقۇچ بىلەن ئېچىلماس.

*   *   *

ئىنسانلار ئۈچۈن ھايا ــــ ئىنتايىن شەرەپلىك بىر خىسلەت ۋە ئۇلۇغۋار ئەخلاقتۇر.

*   *   *

ھايا ئادەمزات جەمئىيىتىنىڭ گۈزەل ۋە تەرتىپلىك بولۇشى ئۈچۈن مۇھىم بىر شەرتتۇر.

*   *   *

ھايادىن ئىبارەت بۇ ئەخلاق كىشىلەر ئارىسىدىن يوقىلىپ كەتسە، كىشى كىشىدىن سۆز ۋە ھەرىكەتتە ئۇيالمايدىغان بولۇپ قالسا، ئالەمنىڭ نىزامى بۇزۇلىدۇ. خەلقئارا ئېسىل رەسمىيەتلەر يوقىلىدۇ. مەئىشەت ئامانلىقىغا زور بالالار تۇغۇلىدۇ. كىشىلەر بىر - بىرىنىڭ ھەققىدە دىيانەت ۋە ساداقەت ساقلىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى تالاپ ۋەيران قىلىدۇ. ھايا كىشىلەرنى ناچار ئەخلاق ۋە قىلىقلاردىن چەتكە تارتىدىغان تەبىئىي كۈچتۇر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*   *   *

ئىنسانغا هايادىن تولۇق پايدا ۋە مەنپەئەت باردۇر، ياخشى خۇي ـ ئەخلاق مېۋىسى هايانىڭ سۈيى ۋە ئاپتىپىدىن پەرۋىش تاپمىسا، تولۇق پىشالمايدۇ.

*   *   *

پاكىزلىق — ئىنسان ئۈچۈن گۈزەل پەزىلەت ۋە ئادەتلەردىندۇر.

*   *   *

ئەقىلنىڭ تەلىپى ۋە شەرتى — ئادەم مۇمكىنقەدەر ئۆزىنىڭ پەرىشتىلىك نىسبىتىنى ئۈستۈرۈپ، هايۋانات نىسبىتىگە ياتىدىغان تەرەپلىرىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك.

*   *   *

ئەگەر پادىشاهلار پاكىزلىق بىلەن ئۆزىگە زىننەت بەرسە، چوقۇم زۇلمى ـ سىتەم، پىسقى ـ پۇجۇر ئىشلار ئۇنىڭ مەملىكىتىدىن كېتىپ، ساپلىق ئەۋج ئالىدۇ. كىشىلەرنىڭ مال ۋە بالا ـ چاقىلىرىغا بوهتان يەتمەيدۇ.

*   *   *

ئەدەپنىڭ مەنىسى — بۇزۇق سۆز، بۇزۇق ئىشلاردىن نەپسىنى توسۇش، ئۆزىنىڭ هەم باشقىلارنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ساقلاش، كىشىلىك ئىناۋىتىنى ۋە هۆرمىتىنى تۆكمەسلىك دېمەكتۇر.

*   *   *

ئەدەپ هەرقانداق كىشى ئۈچۈن ئالىي زىننەت، بولۇپمۇ مەملىكەت باشقۇرغۇچى پادىشاهلار ئۈچۈن ئەدەپ قائىدىسىگە رىئايە قىلىش تېخىمۇ مۇهىم. ئەگەر ئۇلار ئەدەپ قائىدىسىگە رىئايە قىلىدىغان بولسا، خەلقمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ ئەدەپ يولىدىن

چىقمايدۇ. بۇ چاغدا مەملىكەت ئىشلىرى تەرتىپلىك ۋە ئىنتىزاملىق ئىجرا بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ مەئىشەت ئەسۋابلىرى تەييارلانغان بولىدۇ.

* * *

بىزنىڭ ئوغلانلىرىمىز تىرىكلىكنىڭ ساداسى، ھاياتىمىزنىڭ جەۋھەرلىرىدۇر. بىزلەر ئالەمدىن ئۆتسەك، نام ـ نىشانىمىز ئەنە شۇلارنىڭ ھاياتلىقى بىلەن مەزكۇر بولىدۇ.

* * *

مال ۋاپاسىز، يار باقاسىز دىلداردۇر، ئۇنىڭ ھېسابىنى قىلىش كېرەك. لېكىن بۇ دۇنيانىڭ ماتائىلىرىغا ئالدانماسلىق كېرەك.

* * *

ھەرقانداق كىشىنىڭ ھىممىتى كۆپ بولسا، ئىززەت ۋە شەۋكەت جەھەتتە باشقا كىشىلەردىن ئالىيراق ئورۇندا تۇرىدۇ.

* * *

قىرانلىق دەۋرىڭ شەھۋەت ئارزۇسى غەلىبە قىلىدىغان ۋاقتىڭدۇر.

* * *

كىمكى بىرەر ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈش مەقسىتى بىلەن شۇ ئىشنى پۈتكۈزۈشكە مەشغۇل بولسا، ئۇل كىشى بارلىق ئوڭۇشسىزلىق ۋە توسالغۇلارغا تەسلىم بولماستىن، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، غەلىبىدىن غەلىبىگە ئاتلاپ ئۆتەلىسىلا ئۇ توغرا پىلان قىلغان بولىدۇ.

* * *

ئەگەر بىر كىشىنىڭ ھىممىتى بەلەن بولسا، ئۇل كىشى ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىدا مۇشەققەت تارتىشتىن، ئېغىر توسقۇنلۇقلاردىن قورقمايدىغان بولىدۇ.

* * *

كۆز ئالدىدا بار نەرسىلەرگە قانائەت قىلىش خۇددى باشنى ئالدىدىكى ھەلەپكە ئېگىپ تۇرغان كالىنىڭ ئىشى، بۇلۇڭدا ئولتۇرۇۋېلىش، ئىشتىن قېلىش — تۇل خوتۇننىڭ ئادىتىدۇر. پۇرسەت، ۋاقىت چېقىنداقتەك ئۆتۈپ كېتىدۇ، بۇنى غەنىيمەت بىلىش ۋە ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۆمۈرنىڭ زىرائەتگاھىدىن چاققانلىق بىلەن ھوسۇل ئېلىشنى ئويلاش كېرەك.

* * *

تىرىشچانلىق بىلەن ئەقىلگە سىغمايدىغان ئۇلۇغلۇق ئىمارەتلىرى بەرپا بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ھورۇنلۇق، سۇسلۇق ۋە ئېغىرلىق بىلەن دۆلەت بىناسىغا ۋەيرانلىق يېتىدۇ.

* * *

ئادالەت — پادىشاھلىقتا زىننەت بېرىدىغان قىممەتلىك بايلىقتۇر.

* * *

ئادالەت — بىر ماياكدۇركى، ئۇنىڭ ئۆتكۈر نۇرى بىلەن قاراڭغۇلۇق يورۇيدۇ.

* * *

دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ خەلق ئارىسىدا ئىززەت ۋە نوپۇزى ئۆسۈپ، ئۆز ئىشلىرىدا غەلىبە قازىنىپ، شەۋكەت ھەشەمەتلىرىنىڭ ئۆسۈشىمۇ ئەدلى ئارقىلىق بەرپا بولىدۇ.

* * *

ئەگەر دۆلەتنىڭ سايىسى خەلقنىڭ باشىدىن يىراقلاشسا، ئۇلارنىڭ ھالىغا ۋەيرانلىق ۋە پالاكەت يۈزلىنىدۇ.

* * *

ئەدلى - ئادالەتنىڭ ھىمايىسى بولمىسا، دۆلەت ۋە كۈچ-

قۇۋۋەتنىڭ ئىگىلىرى ئاجىزلارنىڭ ھالاكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئاجىزلارنىڭ گۆشلىرىنى ھالاكەتنىڭ پىل ۋە ئىتلىرىغا يەم قىلىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە كۈچلۈكلەر يەنە خاتىرجەملىك تاپالمايدۇ ـ دە، پۈتۈن مەملىكەتنى ۋەيرانچىلىققا يۈزلەندۈرىدۇ. چۈنكى بايلار بىلەن ئاجىزلارنىڭ، كۈچلۈكلەر بىلەن زەئىپلەرنىڭ مەئىشەتلىرى ھەمىشە بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق بولىدۇ.

*     *     *

خەلقنىڭ ئەھۋالى تەرتىپ، نىزام ۋە ئەدلىدىن باشقا نەرسىلەر بىلەن ئىستىقبال تاپالمايدۇ.

*     *     *

ئادىل پادىشاھ ئەدلى قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن ھېچبىر مەنپەئەت كۆرمىسىمۇ ھەممە خەلق ئۇنى دوست تۇتىدۇ ۋە ھىمايە قىلىدۇ. ئەمما زالىم پادىشاھ كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن زىيان ـ زەخمەت تارتمىغان كىشىلەرمۇ قارشى تۇرىدۇ ۋە دۈشمەن كۆرىدۇ.

*     *     *

ئادىل پادىشاھ تەڭرىنىڭ يەر يۈزىدىكى رەھمەت سايىسى، ئۇنىڭدىن ھەربىر مەزلۇملەر پاناھلىنىپ بەھرىمەن بولىدۇ. شۇنداق ھەقىقەت مۇقەررەركى، ھەرقانداق كىشىگە ئاپتاپنىڭ تاۋۇشىدىن ھارارەتنىڭ مۇشەققىتى يەتسە، ئىستىراھەت ئۈچۈن بىرەر سايىنىڭ پاناھىغا بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مۇشەققىتى راھەتكە ئۆزگىرىدۇ.

*     *     *

ھەربىر پادىشاھلارنىڭ قول ئاستىدىكىلەر تۆت گۇرۇھتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، شەمشەر ئەھلىدۇر. ئۇلار

ئۇمرا ۋە لەشكەردۇر. ئۇلار ئوتقا ئوخشايدۇ. ئىككىنچىسى، ئەھلى قەلەملەردۇر. مەسىلەن، كىتابدارلار، ۋەزىرلەر. ئۇلار ھاۋاغا ئوخشايدۇ. ئۈچىنچىسى، ئەھلى مۇئامىلىلەردۇر. ئۇلار سودىگەرلەر، ھۈنەرۋەنلەر بولۇپ، سۇغا ئوخشاشتۇر. تۆتىنچىسى، ئەھلى زىرائەتتۇر، ئۇلار دېھقانلار بولۇپ، تۇپراققا ئوخشايدۇ.

ئەگەر ئادەم بەدىنىدىكى ئاناسىرنىڭ بىرى يەنە بىرىگە غالىب كېلىپ، ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلسا، خۇددى ئادەمنىڭ مىجەزى بۇزۇلۇپ، كېسەل بولغاندەك بولىدۇ. يۇقىرىقى تۆت تائىپىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇزۇلسا، بىر ـ بىرىگە غالىب كەلسە، مەملىكەتنىڭ مىزاجى بۇزۇلىدۇ.

* * *

ئادالەتلىك پادىشاھلارنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىلىرىدىن بىرى، زۇلمى رەسىدەلەر داد ئېيتىپ كىرسە، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە شەپقەت قۇلىقىنى سوزۇش، ئۇلارنىڭ ھاجەت ۋە تەلەپلىرىنى ھەل قىلىش، ئۇلارغا زەخمەت يۈزىنى كۆرسەتمەسلىك، ئۇلار داد قىلىش پۇرسىتىدە ناھايىتى ئۇزۇن سۆزلەپ كەتسىمۇ، مالال بولماسلىقتىن ئىبارەت. چۈنكى پادىشاھ بولسا تېۋىپقا، ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچى بولسا كېسەلگە ئوخشايدۇ. بۇ خۇددى كېسەلنىڭ ھالىنى كۆپ ئاڭلىغان داۋالىغۇچىنىڭ بىمارنى تېخىمۇ ئەتراپلىق داۋالىيالىغانلىقى بىلەن ئوخشاش.

* * *

پادىشاھلىقنىڭ زاكىتى — زالىملارنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغان كىشىلەر ھال ئېيتىپ كەلسە، ئۇنىڭغا شەپقەت بىلەن قۇلاق سېلىش، مېھرىبانلىق كۆرسىتىش، ئۇنىڭغا مەرھەمەت بىلەن سۆزلەش، زەئىپ ھەقىرلار بىلەن سۆزلىشىشنى ئار ـ نومۇس بىلمەسلىكتۇر. چۈنكى پەس ـ ھەقىرلەر بىلەن سۆزلىشىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرىنىڭ يىغىندى ئادرېسى

چوڭلارنىڭ سۆيىتى بولىدۇ.

* * *

ئەگەر خەلققە زۇلۇم قىلىشنى خىيال قىلسا، مەملىكەتنىڭ ئىقتىساد بەرىكىتىگە، خەلقنىڭ بىرلىك ۋە خاتىرجەملىكىگە ئاپەت يېتىدۇ.

* * *

ئەدلى ـ ئادالەتنىڭ نەتىجىسىدە پادىشاھلىق ئۇستىدە ئۇزۇن زامان بەختىيارلىق داۋام قىلىدۇ. مەملىكەت گۈللەپ ياشنايدۇ. جەمئىيەت خاتىرجەم ۋە ئاۋات بولىدۇ. خەزىنىمۇ مول ۋە مەئمۇر بولىدۇ. شەھەرلەر باياشاتلىق ئىچىدە گۈللەيدۇ، خەلق ئەخلاق ۋە دىيانەتلىك بولۇپ، پارلاق ئىستىقبالى بارلىققا كېلىدۇ. زۇلمى ـ سىتەم نەتىجىسىدە ئاۋۋال خەلق كاردىن چىقىدۇ. مەملىكەت زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، شاھنىڭ ۋە سەلتەنەتنىڭ نوپۇزى يوقىلىشقا باشلايدۇ، ئاقىۋەت پۈتۈن دۆلەت زور ۋەيرانچىلىققا يۈزلىنىپ ئاپەتكە دۇچار بولىدۇ.

* * *

ئەپۇنىڭ مەنىسى — قول ئاستىدىكى بىرى گۇناھ قىلسا، ئۇنى جازالاشقا نىسبەتەن كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە شارائىتى بار تۇرۇپ، گۇناھكارنى ئازابلىماسلىقتۇر.

* * *

تەڭرىنىڭ ئەپۇ قىلىشى بەندىلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى ئەپۇ قىلىشىغا باغلىق. ئەگەر بەندە بەندىدىن سادىر بولغان گۇناھىنى ئەپۇ قىلسا، تەڭرى ئۇنى ئەپۇ قىلىدۇ.

* * *

پادىشاھلار ياۋاشلىقنى ئاچچىقلار ئۇستىگە قويمىسا، بەرداشلىق ۋە سەۋرچانلىق بىلەن غەزەپلىرىنى باسمايدىغان

بولسا، مەملىكەت خەلقىنىڭ ھەربىر سۆز، ھەربىر ئىشى ئۇچۇن ئىنچىكە ھېساب قىلىپ جازالاۋېرىش تەرىپىگە ئېغىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە خالايىقنىڭ ئۇرۇقى ئۇزۇلۇپ، ئەلنىڭ روناقى قالمايدۇ.

*    *    *

ياۋاش كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى، غەزەپ كەلكۈنى ئەگەر تاغلارنى ئېقىتىۋەتكۇدەك شىددەت بىلەن مەۋج ئۇرسىمۇ، ئۇنى بىتەرەپ قىلالايدىغان، ئاچچىق ئوتى قاتتىق تاشلارنى كۆيدۈرگۈدەك يالقۇن ئۇرۇپ كۆيۈۋاتسىمۇ، ئۇنى پەس قىلالايدىغان بولۇشتۇر. ياۋاشلىقنىڭ تەسىرى بولماي تۇرۇپ، قايسىبىر سۇلتاننىڭ غەزەپ ئوتى توختىمايدۇ. سەۋرچانلىق يار بەرمەي تۇرۇپ، خەلقنىڭ ھېچبىرىنىڭ غەزەپ ئوتى توختىمايدۇ. ئەگەر پادىشاھلارغا سەۋرچانلىق يار بەرمەيدىغان بولسا، ئۇ چاغدا خەلقنىڭ نامەئقۇل سۆزلىرىدىن ھېچ ۋاقىت مەيلى دەپ ئۆتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئادىل پادىشاھلار ئۆز ھاياتىغا ياۋاشلىق گاللىرى بىلەن زىننەت بېرىشى كېرەك. ياۋاشلىق كۈچى بىلەن ئادەم كۆيدۈرىدىغان غەزەپ ئوتىنىڭ ئاساسىنى يوقىتىش كېرەك.

*    *    *

ياۋاش كىشى ئاچچىقى كەلگەندە ھەتتا غەزەپنىڭ كەپسىز شاملى سەۋر ـ تاقەت خامىنىنى سورۇۋەتكەن چاغلاردىمۇ سەۋرچانلىق بىلەن خامۇش بولۇپ شۈك تۇرىدۇ. بۇ سۈپەت — كۆڭۈل خاتىرىسى ئارام ئېلىپ، روھى تەسكىن تېپىشىنىڭ دەلىلىدۇر.

*    *    *

ئىنسان روھىنى تەربىيىلەش، پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق ئۇنى گۈزەل ۋە خۇلق ـ ئېتىبارلىق، پەزىلەتلىك قىلىپ

يېتىشتۈرۈش مۇمكىن.

* * *

فوتوۋۋەت دېگەن نېمە؟ فوتوۋۋەت ـــ ئەزەلدىن بىرەر يوشۇرۇن ئىش قىلماسلىق، ھەممە ئادەم خۇشال ـ خۇرام ياشاش دېمەكتۇر. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ئىزگۈ خۇلق بىلەن قوزغىتىش مۇمكىن.

* * *

فوتوۋۋەت ـــ ئەھدىگە ۋاپا قىلماق دېمەكتۇر. چۈنكى، ۋاپا جەۋانمەردلەرنىڭ ئادىتىدۇر. ئەھدۇپەيماننى سۇندۇرۇش، ئەھدىگە ۋاپا قىلماسلىق دېمەك ۋىجدانسىزلىقنىڭ بەلگىسىدۇر.

* * *

فوتوۋۋەت دېمەك، ھەممىنى ئۆزىدىن ئەۋزەل بىلىش ۋە ئۆزىنى ھېچكىمدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويماسلىق دېمەكتۇر. فوتوۋۋەت تەكەللۇپنى تەرك ئەتمەك ۋە ئۆيدە نېمە بولسا مېھمان ئۈچۈن شۇنى ھۇزۇر قىلماقتۇر.

* * *

تەكەللۇپتىن مەنمەنلىك ھەدى كېلىدۇ، فوتوۋۋەتنىڭ قۇۋۋىتى بولسا، نەپسى بالانى يېڭىش، مەنمەنلىك ۋە تەكەببۇرلۇقنى تەرك ئېتىشتىن ھاسىل بولىدۇ.

* * *

فوتوۋۋەتنىڭ ئۈچ مەرتىۋىسى بار: ئاۋۋال ساخاۋەت، يەنى بار نەرسىنى ھېچكىمدىن قىزغانماسلىق؛ ئىككىنچىسى، ساپا، يەنى ھاۋايى ـ ھەۋەستىن، گىنە ـ ئاداۋەت ۋە قەست ـ غەزەپتىن پاكىز، پاك تۇتۇش؛ ئۈچىنچىسى، ۋاپا، يەنى ھەممە ۋاقىت خەلق خىزمىتىدە بولۇش.



www.uyghurkitap.com

*   *   *

ئەگەر ھەق گەپنى قىلىدىغان بولساق، جەۋانمەردلىكنىڭ پۈتۈن ماھىيىتى تۆۋەندىكى ئىككى سۈپەتتە مۇجەسسەملەنگەن: بىرىنچىسى، دوستلارغا نەپ يەتكۈزۈش، يەنى ساخاۋەت؛ ئىككىنچىسى، دوستلارنى دۈشمەن زىيانكەشلىكىدىن ھىمايە قىلىش، يەنى شىجائەت...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» دىن ھېكايەتلەر

## چۇشۇپ كەتكەن ئابرۇي

باشقىلارنى ھۆرمەتلەش ــــ كىشىلىك جەمئىيەتتىكە خاس ئالاھىدە بىرخىل گۈزەل ئەخلاقتۇر. چۈنكى ئۇلار ھۆرمەت ـ ئېھتىراملار ئارقىلىق، بەخت ـ دۆلەت قولللىرىنىڭ كۈچلۈك، شان ـ شەۋكەت بايراقلىرىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

بىر كۈنى ھەسەن سەيبان ھارۇن رەشىدنىڭ قېشىغا كەلدى، ھارۇن رەشىد ئۇنىڭغا كۆپ ئېھتىرام بىلەن ھۆرمەت بىلدۈردى. تەختتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ھەسەن سەيباننى باشلاپ كېلىپ، تەختكە تەكلىپ قىلىپ ئولتۇرغۇزدى. ئۇ كىشى كەتمەكچى بولۇۋىدى، يەنە ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. بۇنى كۆرگەن خىزمەتچىلەردىن بىرى:

ــــ ئەي پادىشاھ، سىزنىڭ مۇنچە كۆپ ھۆرمەت ۋە ئېھتىراملىرىڭىز ئۆز پادىشاھلىقىڭىزنىڭ ئابرۇي ـ ئىناۋىتى ئالدىدا ئارتۇقچە ئەمەسمۇ؟ ــــ دەپ سورىدى. ھارۇن رەشىد ئۇنىڭغا:

ــــ ھۆرمەت، ئېھتىرام بىلدۈرۈش تۈپەيلىدىن چۈشۈپ كېتىدىغان ئابرۇينىڭ دەرھال چۈشۈپ كەتكىنى ياخشى. ئالىم، ھەكىملەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، چۈشۈپ كەتكەن ئىناۋەتنى كىم كۆرگەن؟ ــــ دەپ كەسكىن جاۋاب بەردى.

## ئالىملارغا ھۆرمەت

ئابدۇللا تاھىر دېگەن كىشى خۇراسانغا پادىشاھ بولۇپ بېرىش يولىدا، يول ئۈستىدە نىشاپۇرغا چۈشتى. ئۇ ۋىلايەتنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقاندا، ئۇ يەرنىڭ بارلىق كاتتىلىرى ئابدۇللا تاھىرنىڭ ئالدىغا كەلدى. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، تاھىر شاھ باشقىلاردىن:

— مېنىڭ ئالدىمغا كەلمەي قالغان كىشى بارمۇ؟ — دەپ سۈرۈشتە قىلدى. ئۇلار:

— بۇ ۋىلايەتتىكى شۆھرىتى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا كەلدى. ئەگەر كەلمىگەنلىرى بار دېيىلسە، بىرەر بۇلۇڭدا تەركىدۇنيا بولۇپ ئولتۇرغان ئىككى ئابىد كىشى كەلمىگەندۇر. چۈنكى ئۇلار جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن قول ئۈزگەن، كىشىلەرنىڭ غوۋغاسىدىن قېچىپ، تەڭرىنىڭ ئىبادىتىگىلا مەشغۇل بولغان ئادەملەر، — دېيىشتى.

ئابدۇللا بۇنى ئاڭلاپ:

— ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

ياندىكىلەر:

— ئۇلارنىڭ ئىسمىلىرى ئەھمەدى ھەرب ۋە ئەھمەدى ئەسلەم، ئۇلار كاتتا ئالىملاردىندۇر، ئۇلار پادىشاھلار ۋە ئەمىر - ئۇمەرالارنىڭ قېشىغا بېرىشنى ئويلىمايدىغان كىشىلەردۇر، — دېيىشتى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئابدۇللا تاھىر، — ئۇلارنىڭ قېشىغا مەن بېرىشىم كېرەك.

پادىشاھ شۇ سۆزدىن كېيىنلا ئەھمەدى ھەربىنىڭ قېشىغا

ماڭدى. ئارىلىقتا بىر كىشى ئەھمەدى ھەرىبكە:

— سىزنىڭ قېشىڭىزغا پادىشاھ كېلىۋاتىدۇ، — دەپ قويغانىدى. بۇ كىشى دەرھال بۇ يەردىن قېچىشقا تەرەددۇت قىلدى، لېكىن پادىشاھ كېلىپ قېلىپ، قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئەھمەدى بىر مۇددەت بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئابدۇللا ئۇ كىشىگە ھۆرمەت قىلىپ ئالدىدا بىر سائەت تۇردى. ئەھمەدى ھەرىب ئاخىر بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغانىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا شۇنچە خۇشچىراي، ناھايىتى قامەتلىك بىر ۋۇجۇد تۇراتتى. ئەھمەدى ھەرىب ئىختىيارسىز مۇنداق دېدى:

— ئەي ئوغلۇم، مەن سېنى تولىمۇ چىرايلىق، خۇش پېئىل كىشى دەپ ئاڭلىغانىدىم. ھازىر قارىسام ئاڭلىغىنىمدىنمۇ ئارتۇق ئىكەنسەن، ئالدىمغا كەپسەن، ساڭا نەسىھەتىم شۇكى، سەن بۇ قەدەر گۈزەل چىرايىڭنى تەڭرىنىڭ بەندىلىرىگە تۇرمىگەيسەن...

ئابدۇللا تاھىر كۆز يېشى قىلىپ بۇ ئەزىزدىن ئايرىلىپ سىرتقا چىقتى. ئاندىن ئەھمەدى ئەسلەم قېشىغا قاراپ ماڭدى. كىشى كەلگەنلىكىنى بىلگەن ئەسلەم دەرھال ئۆيىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېتىۋالدى. ئابدۇللا ئۆيىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ كىرىپ، كۆرۈشمەكچى بولۇپ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كۆرۈشەلمىدى. باشقىلار پادىشاھقا:

— بۇ زات ھەر جۈمە كۈندە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن جامەگە بارىدۇ. ئۆزلىرى جۈمە كۈنىگىچە كۈتكەيلا، ئۇنىڭ جامەگە بېرىش - يېنىش يولىدا ساقلاپ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەيلا، — دېيىشتى. ئابدۇللا بۇ نەسىھەتكە كۆنۈپ، دەل جۈمە كۈنى ئەسلەمنىڭ ماڭار يولىدا ئۇنى ساقلاپ تۇردى. ئەسلەم ئۆز ئىبادەتخانىسىدىن چىقىپ، ئۆتەر يولدا تۇرغان بىرقانچە ئاتلىقلارنى كۆرۈپ دەرھال توختىدى. بۇ چاغدا ئابدۇللا دەرھال

ئاتتىن چۈشۈپ، ئەھمەدى ئەسلەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن تەزىمدە تۇردى. ئەسلەم ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋاب بېرىپ سورىدى:

— سەن كىمدۇرسەن؟ بۇ يەردە نېمە ئىشىڭ بار؟

ئابدۇللا جاۋاب بەردى:

— مەن بولسام تاھىرنىڭ ئوغلى ئابدۇللادۇرمەن، سىزنى زىيارەت قىلىش ئىستىكىدە كەلدىم.

ئەھمەدى ئەسلەم:

— سېنىڭ مەندە نېمە ئىشىڭ بار؟ مېنىڭ سەن بىلەن نېمە سۆزۈم بار؟ — دەپلا دەرھال يۈزىنى ئۆرۈپ، ئابدۇللاغا ئارقىسىنى قىلىپ، تام تەرەپكە قاراپ تۇرۇۋالدى. ئابدۇللا بۇ ھالنى كۆرۈپ، ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا شەيخنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى ـ دە، يۈزىنى شەيخ دەسسەپ تۇرغان تۇپراققا سۈرتتى. ئۇنىڭ ئالىملارغا قىلغان ھۆرمىتى تۈپەيلىدىن، مەرتىۋىسى بارغانسېرى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلدى.

## غاپىل پادىشاھ

نۇشىرۋان ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىدە (ئادالەت بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، خەلق ئىچىدە تونۇلۇپ مەشھۇر بولۇشتىن ئىلگىرى) ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، پۇقرالارنىڭ ئەھۋالىغا قارىمىغانىدى. ئۇنىڭ يېقىن بىر قوشنىسى بولۇپ، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ سېخىيلىقى ۋە مېھماندوستلۇقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ھەممە كىشى ماختايتتى. ئۇ كىشىنىڭ ئىنئام ۋە ساخاۋەت داستىخانلىرى ھەمىشە يېيىقلىق تۇراتتى. ئاۋام خەلقنى داۋاملىق مېھماندارچىلىققا تەكلىپ ئېتەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ

كىشىنىڭ شۆھرىتى يېيىلىپ، كىشىلەر ئارىسىدا مەشھۇر بولۇشقا باشلىدى.

بىر كۈنى نۇشىرۋان ھېلىقى قوشنىسىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، سودىگەرچە ياسىنىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. بۇ كىشى نۇشىرۋاننى تونۇماي ئالدىغا چىقىپ ئۇنى مېھمان ھېسابىدا قارشى ئېلىپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۆيىگە باشلاپ كىردى. نۇشىرۋان راھەتلىك بىر سۇپىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭغا كۆرسىتىلگەن ئادەمگەرچىلىك رەسمىيىتى، زىياپەتنىڭ قائىدىسى بارلىق مېھماندارچىلىقنىڭ يوسۇنلىرى ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە بولدى. نۇشىرۋان بۇنىڭدىن ئىنتايىن تەسىرلەندى ۋە ھەيران قالدى. نۇشىرۋان ئولتۇرغان سۇپىدا باغ تەرەپكە ئېچىلغان دېرىزە بار ئىدى. دېرىزىدىن قاراپ، باغدىكى ئوخشاپ پىشقان تەك ـ تەك ئۈزۈملەرنى كۆرۈپ، ھۇزۇرلانغان نۇشىرۋان مۇنداق دېدى:

ــــ مەن بولسام بىر سودىگەر ئىدىم، سىزنىڭ سېخىيلىق ۋە دوستلۇق جەھەتتىكى تەۋسىپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە كەلگەنىدىم. سىزگە مېھمان بولۇپ، سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم. پەزىلەتلىرىڭىزنىڭ كىشىلەر ئاغزىدا ئېيتىلغىنىدىن مىڭ باراۋەر ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۆيۈمگە قايتىش ئالدىدا مېنىڭ سىزدىن سورايدىغىنىم، مەن سىزگە قانداق زىياپەت تەييارلىسام بولار؟ ئۆزىڭىز نېمىنى ياخشى كۆرىسىز؟ قانداق تۆھپە ئەۋەتسەم بولىدۇ؟ ــــ دېدى.

ئۇ كىشى:

ــــ ئەي ئەزىز مېھمان، سىزنىڭ تۆھپىڭىز ۋە زىياپىتىڭىزگە ئېھتىياجىم يوقتۇر، لېكىن ئۈزۈم يېيىشكە مەيلىم بار. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز بىرەر باغقا ئۈزۈم سەيلىسىگە بارسىڭىز، ئاشۇ ئۈزۈمدىن ماڭا ئازراق ئەۋەتىپ بەرسىڭىز، ــــ دېدى.

نۇشىرۋان:

ـــ سىزنىڭ بۇ بېغىڭىزدا ئۈزۈم شۇنچە كۆپ تۇرسا، نېمە ئۈچۈن بۇ ئۈزۈمدىن يېمەيسىز؟ ـــ دەپ سورىدى.

بۇ كىشى:

ـــ ئەي ئەزىز، بىزنىڭ پادىشاھىمىز بەكمۇ زالىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇقرالارنىڭ ئەھۋالىدىن قىلچە خەۋىرى يوق. بۇ يۇرتتىكى پۇقرالارنىڭ باغلىرىنىڭ ئۈزۈملىرى تازا پىشىپ ئۈزۈش مەۋسۇمىغا يەتتى. پادىشاھ هازىرغا قەدەر ئۈزۈملەردىن ئۆشرە ئېلىشقا كىشى ئورۇنلاشتۇرمىدى، باشقىلار ئۆشرىگە قارىماي، ئۈزۈملىرىنى يېيىشكە باشلىدى، لېكىن بۇ باغدا پادىشاھنىڭ ھەققى بار، ئۇنى ئادا قىلماي تۇرۇپ، ئۆزۈم يېسەم پادىشاھنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلغان بولىمەن. خىيانەتنىڭ ئۆزى ھارامدۇر، شۇڭا بۇ ئۈزۈملەرنىڭ ئۆشرىسىنى ئايرىماي تۇرۇپ ئۈزۈم يېيەلمەيمەن. ھەر يىلى ئۈزۈم غورا بولغان ھامان باغنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ، دەرۋازىغا خەت چاپلاپ مۆھۈر باسىمەن، تاكى پادىشاھ بۇ باغدىن ئۆشرە ئالمىغۇچە باغقا ھېچكىمنى كىرگۈزمەيمەن. پادىشاھ ئۆشرىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن يېيىشكە قەدەم باسىمەن، ـــ دەپ جاۋاب بەردى.

نۇشىرۋان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يىغلاپ كەتتى، ئاندىن ئۆزىنى ئاشكارىلاپ:

ـــ سىز ئېيتقان زالىم تەبىئەتلىك، غاپىل پادىشاھ مەن بولىمەن، سىزنىڭ بۇ دىيانەتلىك ھالىتىڭىز سەۋەبىدىن مەن غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاندىم، بۇنىڭدىن كېيىن پۇقرالارنىڭ ھالىدىن بىخەۋەر بولماسلىققا، ئادالەت يولىدىن چىقماسلىققا قەسەم قىلدىم، ـــ دېدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن نۇشىرۋان بۇ كىشىنى يۇرتىدا كۆپ ئەزىز ۋە مۆكەررەم قىلدى.

## پادىشاھنىڭ لەززىتى

مۆمىن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە خۇرسەنلىك يەتكۈزۈش ناھايىتى ئۇلۇغ ئىشتۇر. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىر كۈنى ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە ھۆكۈمەت مەجلىسىنى قۇرۇپ ئولتۇردى، لېكىن شۇ بىر كۈندە ھېچ كىشى ئۇنىڭغا ئەھۋال ئېيتىپ ياكى ھاجەت تىلەپ كەلمىدى. كەچ بولۇپ ئىشتىن يانغاندا، پادىشاھ ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىغا:

— مەن بۇ بىر كۈننى ئۆمۈر كۆرگەن ھېسابتا سانىمايمەن، — دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان بىر ئەمەلدار ئارىغا سۆز قىستۇردى:

— ئەي پادىشاھ، بۈگۈن ئۆزىڭىزنىڭ تەن سالامەتلىكىڭىز ياخشى، بىر كۈنلۈك ئۆمرىڭىز مەنىلىك سۆھبەتلەر بىلەن ئۆتتى. دۆلەت ئەربابلىرى مەقسىتىڭىزگە مۇۋاپىق ئىش كۆرۈۋاتىدۇ. دۆلەت تىنچ، لەشكىري سىپاھلار مۇكەممەل، خەزىنىلەر بايلىق بىلەن تولغان. شۇنداق تۇرۇقلۇق مۇشۇ بىر كۈننى ئۆمۈر كۆرمىگەن ھېسابىدا كۆرسىڭىز، بۇ كۈننى نېمە دېيىش كېرەك؟

ئىسكەندەر بۇنى مۇنداق چۈشەندۈردى:

— ئەگەر پادىشاھتىن ئاجىزلارغا راھەت يەتمىسە، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتى راۋا بولمىسا، ئۇنى قانداقمۇ پادىشاھ تەرىزىدە ئۆمۈر كۆردى دېگىلى بولسۇن؟ پادىشاھنىڭ لەززىتى ئۈچ ئىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ. بىرىنچى، دۈشمەنلەرنى يېڭىپ مەغلۇپ قىلىش بىلەن؛ ئىككىنچى، دوست ـ يارەنلەرنىڭ كۆڭلىنى خۇشال، مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلىش بىلەن؛ ئۈچىنچى، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ، ئازاد قىلىش

بىلــەن شــاھنىڭ كۈنــى مــەنىلىك ئــۆتىدۇ، ئۇنىڭدىــن باشــقا ئىشلارنىڭ پادىشاھ ئۈچۈن ئانچە لەززىتى يوق.

## دىيانەت يۈزىسىدىن...

بەلخ ھاكىمىنىڭ ئوغلى بىر كۈنى سەيلە قىلىپ سەھراغا چىقتى. كېتىۋېتىپ پەس تاملىق بىر جايغا كۆزى چۈشتى ۋە ئۇ يەردە بېلىگە زۇننار باغلىغان، قولىدا كەتمەن تۇتقان بىر قېرىنى كۆردى. ئۇ قېرى كۆچەت تىكىۋاتقانىكەن، ئەمىرزادە ئۇ كىشىگە:

— ئەي بوۋاي، سەن تىكىۋاتقان بۇ كۆچەتلەرنىڭ مېۋىسىنى يېيىشكە ئۆمرۈڭ يار بەرمەيدىغاندەك تۇرىدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن بىھۇدە مۇشەققەت تارتىسەن؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ بوۋاي جاۋاب بېرىپ:

— بىــزدىن بــۇرۇن ئۆتكەنلــەر دەرەخ تىكىــپ يېتىشــتۈرۈپ قويغــان، لېكىــن ئۇنىــڭ مېۋىســىنى بىزلــەر يــېدۇق. بىــزنىڭ تىكىۋاتقــان بــۇ كۆچەتلىرىمىزنىڭ مېۋىسىنى بىــزنىڭ كېيىــنكى ئــەۋلادلىرىمىز يــەيدۇ، ئەگــەر نېســىپ بولســا بىزلــەرمۇ يــەرمىز، — دېدى.

ئەمىرزادە ياش بولغانلىقتىن، ئۆز غۇرۇرىغا بەس كېلەلمەي:

— ســەن، ھەرگىــزمۇ بــۇ بــاغنىڭ مېۋىســىنى يېيەلمەيســەن، ئەگەر يېيەلەيدىغان بولساڭ، مېنىــڭ خوتۇنۇم تالاق بولسۇن، — دەپ قەسەم قىلدى. ئەمىرزادە بۇ سۆزلەرنى دەپ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ھېلىقى بوۋاي باشقىلاردىن:

— بۇ كىشى كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

باشقىلار:

— بۇ بەلخ ھاكىمىنىڭ ئوغلىدۇر، — دېيىشتى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۈچ يىل ئۆتتى. ئەمىرزادە يەنە سەيلە بىلەن بۇ باغ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدى. قارىسا، بۇ باغ شۇنچە گۈزەل، كۆڭۈلنى ئاچىدىغان خۇش ھاۋالىق باغ بوپتۇ، ئەمىرزادە ئىختىيارسىز ھالدا باغ ئىچىگە كىرىپ قالدى. يەنە شۇ كۆچەتنى تىككەن كىشىنى بېلىگە زۇننار باغلىغان ھالدا كۆردى. بوۋاي ئەمىرزادىنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن تونۇمىدى. ئەمىرزادىمۇ بۇ بوۋاينىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولالمىدى. بوۋاي تازا ئوخشاپ پىشقان مېۋىلەردىن بىر قاچىغا ئېلىپ، ئەمىرزادىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قويدى. ئەمىرزادە ئازراق تاناۋۇل قىلغاندىن كېيىن، قېپقالغان مېۋىلەرنىڭ بىر قىسمىنى بوۋايغا بەردى. بوۋاي ئۇ مېۋىلەرنى ئۆزى يېمەي، ئەمىرزادىنىڭ ھەمراھلىرىدىن بىرىگە بەردى. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكى سورالغاندا، بوۋاي جاۋاب بېرىپ:

— بۇ باغنىڭ مېۋىسىنى يېمەيمەن، چۈنكى مەن بۇرۇن مۇشۇ باغنىڭ كۆچەتلىرىنى تىكىپ يۈرگەن ۋاقتىمدا، بىزنىڭ ھاكىمىمىزنىڭ ئوغلى مۇشۇ يەرگە كېلىپ، ماڭا تەنە - قىسىرلار قىلغانىدى، مەن ئۇنىڭغا يوللۇق جاۋاب بەرسەم، ئۇ ئۆزىنى باسالماي: «سەن بۇ باغنىڭ مېۋىسىنى ھەرگىزمۇ يېيەلمەيسەن، ئەگەر يېيەلەيدىغان بولساڭ، خوتۇنۇم تالاق بولسۇن» دەپ قەسەم قىلغانىدى، مەن شۇ ئەمىرزادىنىڭ قەسىمىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ تالاق بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالماي دەپ، بۇ باغنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىككە قەسەم قىلغانمەن، — دېدى.

ئەمىرزادە بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— شۇ قەسەمنى قىلغان ئوغۇل مەن بولىمەن، مەن سېنىڭ دىيانىتىڭدىن كۆپ تەسىرلەندىم، بۈگۈندىن باشلاپ سېنى ئۆزۈمگە

ۋەزىر قىلىمەن. سىنىڭ مەسلىھەتىڭسىز ھېچ ئىشقا قەدەم ئالمايمەن، ــــ دېدى.
ئۇ بوۋاي ئۆزىدىكى دىيانەت يۈزىسىدىن بەخت ـ دۆلەتكە مۇشەررەپ بولدى.

## ۋەدىگە ۋاپا

بىر پادىشاھ قىيىن بىر ئىشقا دۇچ كېلىپ قالدى. بېشى قاتقان پادىشاھ «تەڭرى مېنىڭ بۇ مۇشكۈلۈمنى ئاسانلىق بىلەن ھەل قىلىپ بەرسە، خەزىنەمدىكى پۈتكۈل بايلىقلىرىمنى مىسكىنلەرگە بېرىۋېتىمەن» دەپ نىيەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭرى ئۇنىڭ مۇشكۈللىرىنى ئۆز كۆڭلىدىكىدەك ھەل قىلىپ بەردى. پادىشاھ ئۆزىنىڭ لەۋزىگە ۋاپا قىلىش يۈزىسىدىن، خەزىنىچىگە بارلىق مال ـ مۈلۈكلەرنى ھېسابلاپ كۆرۈشنى بۇيرۇدى. خەزىنىچى بەگ ھېسابلاپ كۆرگەندى، ناھايىتى كۆپ پۇل چىقتى. بۇ چاغدا پادىشاھنىڭ ۋەزىرلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىشكە باشلىدى. ئۇلار:
ــــ ئەي پادىشاھ، مۇنچىۋالا كۆپ مال ـ مۈلۈك ۋە بايلىقلارنى مىسكىنلەرگە بېرىۋېتىش مۇۋاپىق ئەمەس، ــــ دېدى. پادىشاھ ئۇلارغا:
ــــ مەن خەزىنەمدىكى پۈتكۈل بايلىقلارنى مىسكىنلەرگە بېرىشكە ۋەدە قىلغان. شۇڭا ۋەدىگە ئەمەل قىلىشىم كېرەك، ــــ دېدى. بۇنى ئاڭلاپ تېخىمۇ تەشۋىشلەنگەن ئوردا ئەھلى پادىشاھقا:
ــــ بىز ئالىملاردىن بۇ مەسىلىنى سوراپ كۆردۇق، ئۇلار ۋەزىر ـ ئۇمىرا ۋە ئوردا خادىملىرىنىڭمۇ مۇلازىم ۋە چاكارلار قاتارىغا

كىرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭمۇ سەدىقە ئالىدىغان مىسكىنلەر بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، شۇنداق بولغاندىكىن سەدىقە ماللىرىنى مىسكىنلەرگىمۇ، بىز مۇلازىملارغىمۇ ئىلتىپات قىلسىلا، قىممىتى ئوخشاش بولىدۇ. قىلغان ۋەدىلىرىگە خىلاپلىق بولمايدۇ، — دېدى.

پادىشاھ بۇ گەپلەردىن ھەيران بولۇپ راۋاق ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى، بىر دىۋانىنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە بۇ كىشىدىن مەسلىھەت سوراش خىيالى كەلدى. ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— مەن بىر مۇھىم مۇشكۈلاتقا دۇچ كەلدىم. تەڭرىدىن شۇ ئىشنى ئاسان قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم، مۇشۇ مۇشكۈلۈم ئاسان قىلىنسا، خەزىنەمدىكى ھەممە بىساتىمنى پېقىرلارغا سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتىمەن دەپ ۋەدە قىلدىم. مۇشكۈلۈم مەن ئۈمىد قىلغاندەك ئوڭۇشلۇق ھەل بولدى. خەزىنەمدە ماللىرىم كۆپ، ۋەزىر - ئۇمرالار ئۇنى پېقىرلارغا بېرىشكە رازى بولماي ۋەزىر، ئەمىرلەرگە، ئالىملارغا، سىپاھلارغا ۋە باشقا ئوردا خادىملىرىغا بېرىشنى تەشەببۇس قىلىشىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە سىز نېمە دەيسىز؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ دىۋانە پادىشاھقا قاراپ:

— سىز شۇ ماللارنى سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتىشكە نىيەت قىلغاندا ۋەزىر - ئۇمرا، ئالىم - سىپاھلارمۇ كۆڭلىڭىزدىن كەچكەنمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ئۇ چاغدا پەقەت گادايلاردىن باشقىسىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم، — دېدى پادىشاھ. دىۋانە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— ئۇنداق بولسا سىز شۇ ۋەدىڭىزگە ۋاپا قىلىپ،

مالىرىڭىزنى مىسكىنلەرگە بەرسىڭىز بولىدۇ، — دېدى.

## ھەججاج بىلەن گۇناھكار

مۇستە رەشىد خەلىپە ئوغلىغا قالدۇرغان ۋەسىيەتنامىسىدە مۇنداق يېزىپتۇ: «ئەي ئوغلۇم، ئەگەر ھەممە كىشى مېنى ھۆرمەت قىلسۇن دېسەڭ، بىر قېتىممۇ، ھەتتا بىر ئېغىزمۇ يالغان سۆز قىلمىغىن. چۈنكى يالغان سۆز ئېيتقۇچىلار ئىناۋەتسىز ۋە ھەيۋەتسىزدۇر. گەرچە ئۇنىڭ ئەتراپىدا شەمشەر تۇتقان مىڭلارچە پاسىبانلار كېچە ـ كۈندۈز ھەيۋەت بىلەن تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تىلىدا راستچىللىق بولمايدىكەن، ئۇ بەربىر كىشىلەر نەزىرىدە ئاجىز ۋە بىچارە كىشىدۇر.»

ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بىر كىشى ھەججاجغا يالۋۇرۇپ:

— مەن سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدىم، ئەي پادىشاھ، مېنى ئۆلتۈرمىسىڭىز، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ھەججاج:

— ماڭا نېمە خىزمەت قىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ھېلىقى كىشى:

— سىزنىڭ قېشىڭىزدا دائىم سىزگە مەدھىيە قىلىپ يۈرگەن پالانى كىشى سىزنىڭ كەينىڭىزدە دۈشمەن بولۇپ غەيۋەت قىلدى. مەن ئۇنىڭ غەيۋەت تىلىنى توستۇم. سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى قىلىپ، ئۇ غەيۋەتچىنىڭ تىلىنى يىغدۇردۇم، — دەپتۇ.

— بۇ توغرىدا سېنىڭ گۇۋاھچىڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ھەججاج.

ئۇ كىشى:

— بار، — دەپتۇ ـ دە، شۇ نۆۋەتتە ئۆلتۈرۈلمەكچى بولغانلاردىن بىر ئەسىرنى كۆرسىتىپتۇ. بۇ ئەسىر گۇۋاھلىق بېرىپ:

— بۇ كىشى راست ئېيتىدۇ، شۇ چاغدا مەن ھازىر ئىدىم، بۇ كىشى بىر ئادەمنى سىزنىڭ غەيۋىتىڭىزنى قىلىشتىن توستى، — دەپتۇ.

ھەججاج ئۇ كىشىگە:

— ۋەقە ئۈستىدە سەنمۇ ھازىر تۇرۇپ نىمە ئۈچۈن غەيۋەتچىنى توسۇشقا مەزكۇرغا ياردەملەشمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇ كىشى:

— مەن سىزنى دۈشمەن تۇتاتتىم، ئۇنداق ئىكەن، مەن ئۇ كىشىنىڭ تىلىنى توسۇشقا ئەلۋەتتە ياردەم قىلالمايمەن، — دەپتۇ.

ھەججاج بۇلارنىڭ بىرىنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانلىقتىن، يەنە بىرى راست سۆز قىلغانلىقتىن ھەر ئىككىلىسىنى ئۆلۈمدىن ئازاد قىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ۋەقە كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ھېكايە بولۇپ قاپتۇ.

## گۇمان بىلەن ئىش قىلما

پادىشاھ قۇبادنىڭ زامانىسىدا بىر كىشى كونا ئۆيگە كىرىپ قېلىپ، بۇ ئۆيدە بېشى كېسىلگەن بىر جەسەتنى كۆرۈپ قالدى. جەسەتنىڭ مەيدىسىدە بىر قان يۇقى پىچاق تۇراتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۇ كىشى بىھوش بولۇپ يىقىلىپ چۈشتى. نەق مەيدانىنىڭ ئۈستىگە شەھەر ھاكىمىنىڭ بىر خىزمەتچىسى كېلىپ قېلىپ،

ھېلىقى كىشىنىڭ قوللىرىنى باغلاپ، پىچاقنى بويىنىغا ئاستى - ده، ھاكىمنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىرىپ ئەھۋالنى بايان قىلدى. بۇنى كۆرگەن ھاكىم تولىمۇ غەزەپلەندى.

— ھەي نائەھلى، نېمە ئۈچۈن ناھەق قان تۆكتۈڭ؟ — دەپ سوراق قىلدى.

ئۇ بىچارە:

— ئەي ئەمىر، مەن ئادەم ئۆلتۈرگىنىم يوق، يولدىن ئۆتۈۋېتىپ بۇ جاينى كۆرۈشكە كىردىم، شۇ يەردىن بۇ كىشى مېنى باغلاپ ئەكەلدى. مېنىڭ نە ئۆلگۈچىدىن، نە ئۆلتۈرگۈچىدىن ھېچ خەۋىرىم يوق، — دېدى. ھاكىم:

— مېنىڭ گۇمانىمچە سەن ئۆلتۈردۈڭ، بۇ يەردە يالغان سۆزلەپ، تېنىۋېلىپلا مېنىڭ سوئال - سورىقىمدىن قۇتۇلۇپ كەتمەكچى بولىۋاتىسەن، — دېدى.

ھېلىقى كىشى:

— ئەي ئەمىر، گۇمان بىلەن ماڭا غەزەپ قىلمىغىن. چۈنكى ئۇلۇغلار ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئاساسسىز گۇمان ھەقىقەتتىن خەۋەر بېرەلمەيدۇ» دېگەن.

ھاكىم ھېلىقى بىچارىنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ ئۇزۇۋەتتى ۋە ئۇنى دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىلدى. ئىجراچىلار ئۇنى دار ئاستىغا ئەكېلىپ، ئاساق ئۈچۈن بويىنىغا ئارغامچا تەييارلىدى. كۆرگىلى كېلىپ تۇرغانلار ئىچىدىن بىر ياش چىقىپ جاللاتلارنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە:

— بىر سائەت تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار. مەن ھاكىمنىڭ قېشىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئەسلىي ھەقىقىتى بىلەن مەلۇم قىلىمەن، بۇ كىشى بىگۇناھتۇر. بىگۇناھنىڭ قېنىنى تۆكمەك ئۇۋال قىلغانلىقتۇر. قاتتىق گۇناھتۇر، — دېدى. يىگىت شۇ

سۆزدىن كېيىن ھاكىمنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلدى:

— ئەي ئەمىر، — دېدى ئۇ ھاكىمغا، — ئۇ ۋەيرانىلىقتا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ قاتىلى مەن بولىمەن. ئۇنى مەن ئۆلتۈرگەنىدىم. چۈنكى ئۇ مېنىڭ دۈشمىنىم ئىدى. پۇرسەت توغرا كېلىپ قېلىپ دەرھال ئۆلتۈردۈم. ھازىر دارغا ھۆكۈم قىلىنغان كىشى بىگۇناھتۇر.

ھاكىم بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۆزۈن ئولتۇرۇپ كەتتى. كۆڭلىدە: مېنىڭ گۇمان بىلەن كىشىلەرنى جازاغا ھۆكۈم قىلىشىم بەكمۇ ئادالەتسىزلىك ئىكەن، بەلكىم بۇ يىگىتمۇ ئۇۋاللىق بىلەن قان تۆكۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن ئۆزىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدى. ئاندىن ئۆزىنى ئوڭشاپ:

— ھەقىقىي ئەھۋال تەپتىش قىلىنىپ بولغۇچە ھەر ئىككىلىسىنى زىندانغا سېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھاكىم بۇ ئەھۋالنى قۇباد شاھنىڭ ئۆزىگە بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. پادىشاھ بۇ دەۋانى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۈمىدىدە ئالىم - مەسلىھەتچىلەرنى چاقىرىپ مەسلىھەت سورىدى. ئۇلار ئەھۋالنى ئىنچىكىلەپ مۇلاھىزە قىلىپ، پادىشاھقا مۇنداق دېيىشتى:

— ئۆزىنى ئۇ دەرىجىدە ئادىل تۇتۇپ، جىنايەتنى بوينىغا ئالىدىغان كىشى ئەمەلدە ئادەم ئۆلتۈرمەيدۇ، بەلكىم ئۇ يىگىت ناھەق قان تۆكۈلۈشكە تاقەت قىلالماي، ئۆلۈم نۆۋىتىنى كېچىكتۈرۈپ، ھاكىمغا يەنىمۇ ئەتراپلىق ئويلىنىپ كۆرۈش ئۈچۈن پۇرسەت ياراتماقچى بولغان بولسا كېرەك. بىزنىڭچە بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە ئۆلۈم توغرا ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ بىرى بىگۇناھتۇر. يەنە بىرى بولسا بىر ئادەمنىڭ ھايات قېلىشىغا

سەۋەب بوپتۇ.
ئالىملارنىڭ مەسلىھەتىدىن كېيىن، قۇباد ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى زىنداندىن چىقىرىپ ئازاد قىلىۋەتتى ۋە ئۆزرە ئۇچۇن تون كىيگۈزدى. ئاندىن يەنە كېلەچەكتىكىلەرنىڭ «گۇمان بىلەن قان تۆكمەسلىكى» گە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن بۇ ۋەقەنى بايان قىلىپ ۋەسىيەتنامىسىگە يازدۇرۇپ قويدى.

## شاھ قەسرى بىلەن ۋەيرانە ئۆي

پادىشاھ نۇشىرۋاننىڭ ناھايىتى مەشھۇر بىر ئايۋىنى بار ئىدى. بۇ ئايۋاننىڭ مەشھۇرلۇقى ئۇنىڭ ناھايىتى ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەملىكىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىكى خاسىيەت ۋە پەزىلەتتە ئىدى. نۇشىرۋاننىڭ شۇنچە كەڭ ۋە ھۇزۇرلۇق بۇ ئايۋىنىنىڭ بىر بۇرجىكىدە بىر نامرات ئايالنىڭ ۋەيرانە، كونا ئۆيى جايلاشقانىدى. ھەر قانداق كىشى بۇ ئايۋانغا كىرسە ئىختىيارسىز ئۇ كونا ئۆيگە نەزىرى چۈشۈپ، تۈرلۈك پىكىرلەرنى قىلىشىپ ئويلاپ قالاتتى. نۇشىرۋان بۇ ئايۋاننىڭ قۇرۇلۇشى تاماملانغاندىن كېيىن، كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇردى.
بىر كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ بىرنەچچە يېقىنلىرىنى سۆھبەتكە چاقىردى. ئۆيگە كىرگەنلەر سۆھبەت ۋە زىياپەت ئارىلىقىدا ئۆينىڭ سۈپەت ۋە ئۇستىكارلىقلىرىنى كۆزەتكەچ، يەنە شۇ بۇلۇڭدا تۇرغان كونا ئۆيگە قاراپ تەئەججۇپلىنىپ قېلىشتى. پادىشاھ ئۇلاردىن:
— قانداق، مېنىڭ بۇ ئايۋىنىمدا نۇقسان ۋە كەمتۈك جايلار كۆپمىكەن، كۆڭلۈڭلەردە ئەجەبلىنىۋاتقاندەك قىلىسىلەرغۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى:
— پادىشاھىنىڭ بۇ ئايۋىنىدا بىرەر نۇقسانىنى كۆرمىدۇق.

بىزنى ئەجەبلەندۈرۈۋاتقان ئاشۇ كۆرۈمسىز ئەبجەق ئۆينىڭ بۇ ئايۋاننىڭ بۇلۇڭىغا ئورۇنلىشىپ قالغانلىقى بولۇۋاتىدۇ. ھەر كۈنى ئۇنىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىپ، بۇ پاكىز قەسىرنىڭ تاملىرىنى قارا قىلىدۇ. بۇ ۋەيرانە ئۆينىڭ ئايۋان ئىچىگە ئورۇنلىشىشى زادى ئەقىلگە سىغمايدۇ. پادىشاھ ئالىيلىرى، بۇ ئەبگا تامنى بۇ سۇپەتلىك ئايۋاندىن دەرھال يوقىتىۋەتسىڭىز ياخشى بولاتتى، — دەپ دەۋەت قىلىشتى. نۇشىرۋان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ:

— بۇ ئۆي بىر قېرى ئايالنىڭ مۈلكى ھەم تېنىدۇر. ئۇنىڭ ئۆمرى خازانلىققا يېتىپ قالغان. ھاياتلىق قۇياشى ئولتۇرىدىغان جايغا بېرىپ قالغان. بۇ ئايۋاننىڭ پىلانىنى تۈزگەن چاغدىمۇ بۇ ئۆينىڭ توسالغۇ بولىدىغانلىقىنى بايقىغانىدۇق. مەن بۇ ئايۋاننىڭ ئورنىنىڭ تەكشى بولۇشىنى ئويلاپ، ئۇ ئايالغا: «بۇ ئۆينى ئۆزى خالىغان باھادا سېتىپ بەرسۇن، ئالتۇن مۇكاپات بېرەي، بۇنىڭ ئورنىغا ياخشى بىر ئىمارەتنى سالدۇرۇپ بېرەي» دەپ كىشى ئەۋەتتىم. ئۇ ئايال ماڭا مۇنداق جاۋاب ئېيتتى: «مەن مۇشۇ ئۆيدە تۇغۇلدۇم، مۇشۇ ئۆيدە بېقىلىپ چوڭ بولدۇم. مۇشۇ ئۆيدە تويۇم بولدى. پۈتۈن ئالەم پادىشاھىنىڭ مۈلكى تۇرۇپ، مەن ئۇنىڭغا ھەسەت قىلمايمەن، پادىشاھىم نېمە ئۈچۈن مېنىڭ بۇ كىچىككىنە ئاجىز ماكانىمغا كۆز قىزارتىدۇ؟»

ئۇنىڭ بۇ سۆزى ماڭا ناھايىتى تەسىر قىلدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭغا قايتا ئېغىز ئاچمىدىم. ئاخىردا بۇ ئايۋاننىڭ قۇرۇلۇشى تاماملاندى. شۇنىڭدىن بېرى بۇ ئۆيدىن ھەمىشە تۈتۈن چىقىدۇ. ئايۋاننىڭ تام - تورۇسلىرىنى ئىسلاپ قارا قىلىدۇ. خىزمەتچىلەر ئۇنىڭدىن: «بۇ يەرنى نېمە ئۈچۈن تۈتۈن قىلىسەن؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ: «تۈتۈن چىقىرىپ تاماق پىشۇرۇپ يەيمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە دېمىدىم. ئەتىسى ئۇنىڭ

ئۇچۇن ئۇچار قۇشلارنىڭ گۆشلىرىدىن كاۋاپ قىلىپ، تاتلىق تائاملاردىن داستىخان تەييارلاپ كىرگۈزدۇم. ئۇلار: «بىز ھەر كۈنى سىزگە مۇشۇنداق تائاملارنى يەتكۈزۈپ بېرىمىز. سىز بۇ جايدا ئوت يېقىپ تۇتۇن ماڭدۇرماڭ» دەپ ئۆتۈنۈپتۇ. ئۇ: «ئەي ئەزىزلەر، دۇنيادا نۇرغۇن ئاچ - زار كىشىلەر بار، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئاچلىقتىن نۇرسىزلىنىپ، يۈرەكلىرى ئۆرتىنىۋاتسا، مەن بۇ يەردە قۇشلارنىڭ كاۋىپىنى يەپ ئولتۇرسام، بۇ قانداق راۋا بولىدۇ. مەن ئۆزۈم مېھنەت سىڭدۈرۈپ، غىزا قىلىپ يەپ ئۆمرۈمنى بۇ مەنزىلگە يەتكۈزدۈم. ئەمدى قېرىغان چېغىمدا بۇ شۈبھىلىك تائامنى يەپ نېمە قىلىمەن؟ ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈمنىڭ ھالال ئەمگىكىم بىلەن تاماق پىشۇرۇپ يەي، مېنىڭ بۇ ماكانىمنى ئۆز پېتى قويۇڭلار، بۇ بىر تەرەپتىن ئايۋىنىڭلارنىڭ بىر زىننىتى بولۇپ تۇرسۇن. چۈنكى سىلەرنىڭ بەگ - ئەمەلدارلىرىڭلار ماڭا ئادالەت، ھەققانىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقىڭلارنى، شۇڭا بۇ كونا ئۆيۈمنى ئېلىۋېلىشنى راۋا كۆرمىگەنلىكىڭلارنى بىلسە، ئۇلارمۇ پۇقرالارنىڭ مال - مۈلكىگە زۇلۇم قولىنى ئۇزاتمايدىغان بولىدۇ. شۇنىسى بەرھەقكى، سىلەرنىڭ بۇ ئايۋىنىڭلار ئاخىر بىر كۈنى ۋەيران بولىدۇ، لېكىن بۇ مېنىڭ ۋەيرانە ئۆيۈم بىلەن سىلەرنىڭ ئايۋىنىڭلارنىڭ قىسسىسى كۆڭۈل سەھىپىلىرىگە يېزىلىپ، قىيامەت دەۋرىگىچە ساقلىنىپ بارىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ماقۇل كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن قوشنا بولۇشقا رازى بولدۇم. بۇ ئايۋاننىڭ ئالدى تەرەپ سەھنىسى ئېسىل بىساتلار بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. ئۇ ئايالنىڭ بىر دانە كالىسى بولۇپ، ھەر كۈنى ئوتلاققا چىقىرىلىپ، كەچتە قايتۇرۇپ كېلىنەتتى. بۇ كالا ھەر كۈنى ئەنە شۇنداق ئالىي بىساتلىق سەھنىنىڭ ئۈستىدىن مېڭىپ ئۆتكەچكە، ئۇ يەرلەرنى بۇلغاپ

پاسكىنا قىلاتتى. پادىشاھنىڭ خىزمەتچىلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا: «سىز مۇنداق قەبىھ ئىشلارنى قىلماڭ. پادىشاھنىڭ ئۇلۇغ ھۆرمىتىنى بۇزماڭ» دەپ تەنبىھ بېرىپتۇ. ئۇ ئايال قىلچە ئىككىلەنمەيلا: «پادىشاھنىڭ ھۆرمىتى ئايۋىنى بىلەن ئەمەس، ئادىللىقى بىلەن بەرپا بولغان، شۇڭا ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئادالەت بىلەن ئەمەس، بەلكى زۇلۇم بىلەن بۇزۇلىدۇ. پادىشاھنىڭ شان - شەۋكەت بىناسىنىڭ ئۇلى ئادالەتتۇر. مەن بۇ جايدا ھەر قانداق ئىشنى قىلسام، پادىشاھنىڭ ياخشى نامىنى تېخىمۇ كەڭ تارىتىمەن. ئۇنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنى زامانىنىڭ ئاخىرىغىچە مىراس قالدۇرىمەن» دەپتۇ.

ئۇ ئايال ھەقىقەتەن راست سۆزلىگەن. چۈنكى نۇشىرۋاننىڭ دەۋرىدىن تاكى بۈگۈنكى مەنزىللەرگىچە نەچچە مىڭ يىل ئۆتتى، لېكىن بۇ ۋەقەلىك تارىخ بەتلىرىدە ساقلىنىپ، پۈتۈن خەلقلەر تىللىرىدا سۆزلەنمەكتە.

## مېھماندارچىلىق قائىدىسى

ھۆكۈمالار «قېشىڭغا كەلگەن مېھماننىڭ مەرتىۋە دەرىجىسىگە قارىماستىن، ئۆز ساخاۋىتىڭگە لايىق زىياپەت قىلغىن» دېگەن. ئۇلار بۇ ھېكمەتنى دەلىللەيدىغان مۇنداق ھېكايەتنى قالدۇرغان.

ئەرەب ئۇلۇغلىرىدىن بولغان تەلھەگە بىر ۋەقە توغرا كېلىپ قالدى. ئۇ ئۆزى تەنھا ھالدا ئۇ ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن قەيس قەبىلىسىگە باردى. بۇ قەبىلىنىڭ باشلىقى ئەۋبىنىڭ ئوغلى مالىك بولۇپ، تەلھەنى تونۇمىدى. ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇق شاراپىتىدىن خەۋەر تاپمىدى. شۇ سەۋەبتىن تەلھەگە مېھماندارچىلىقنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى بويىچە ئىززەت - ئىكرام

قىلمىدى. تەلھە سەۋر ـ تاقەت بىلەن خارلىق يۈكىنى ئۆزىنىڭ ئىپسىل ئەخلاقىي كۈچى بىلەن كۆتۈرۈپ قايتتى. بىر مەھەلدىن كېيىن، مالىكقا ھېلىقى مېھمانىنىڭ تەلھە ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. مالىك ناھايىتى خىجالەتچىلىك ھېس قىلدى. ئاندىن ئۆزرە ئېيتىپ تەلھەگە خەت يازدى:

«مەن سىزنى تونۇمىغانلىقتىن، خىزمەتكارلىق رەسمىيىتىنى تولۇق ئادا قىلالمىدىم. شۇ سەۋەبتىن مەن ناھايىتى شەرمەندە ۋە ئىنتايىن ئوسال ئەھۋالدىمەن. يەنە ئۆزرە بىلەن ئۆمىد قىلىمەنكى، مەندىن ئۆتكەن سەۋەنلىكلەرنى ئەپۇ قىلىسىز. چۈنكى سىزنىڭ كەرەمىڭىزنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى ئۆزرىخاھلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىش دەپ ئىشىنىمەن.»

تەلھە مالىكنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا جاۋابنامە يازدى:

«مەن سېنىڭ ئۆزرەڭنى قوبۇل قىلدىم. سەن بۇ توغرىدىن كۆڭلۈڭنى كۆپ مالال قىلما، ئەمما ‹مەن سىزنى تونۇمىدىم› دېگەن سۆزۈڭ ئەقىلگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇ سۆزۈڭ مېھماندارچىلىق ۋە ئادەمگەرچىلىك قائىدىسىدىن بەكمۇ يىراق. چۈنكى مېھماندارچىلىقتا ئىززەت ۋە ئىكرامنى ئۇلۇغ زاتلارغا، شان ـ شۆھرەتلىك كىشىلەرگە دەپ بىلىش ساخاۋەت ۋە مۇرۇۋۋەتنىڭ ئالامىتى ئەمەس. دوستانىلىقنىڭ مۇھىم نىشانىسى ئاپتاپقا ئوخشاش ھەممە تەرەپكە تەكشى نۇر چېچىش، يامغۇردەك ھەممە يەرگە بىر تەرزدە يېغىشتۇر. شۇنداق قىلغاندا ئەگەر مېھمان ئۇلۇغ كىشىلەر بولسا، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ھۆرمەت قىلغان بولىسەن، ئەگەر مېھمان ئاددىي كىشىلەردىن بولسا، ئۇ چاغدا ئۆزۈڭنىڭ رەھىمدىللىكىڭنى ۋە ساخاۋىتىڭنى ئاشكارا قىلغان بولىسەن.»

www.uyghurkitap.com

## پادىشاھ ئىسكەندەر بىلەن ئارستوتېل ھېكىمنىڭ سۆھبىتى

ئىسكەندەر پادىشاھ دۇنيانى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشنى ئويلاپ يۈرگەن چاغلىرىدا، ئارستوتېل ھېكىمنى چاقىرىپ كېلىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەي ھېكىم، مەن جاھاندارلىق مەيدانىغا قەدەم قويدۇم. بۇ مۇھىم ئىشنى ئۈستۈمگە ئالدىم. بۇ ئىشتا ئەلۋەتتە ماڭا دوستلار ۋە دۈشمەنلەر دۇچ كېلىدۇ. شۇنداق ۋاقىتتا ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىم كېرەك؟

ئارستوتېل ھېكىم بۇ چوڭ سوراقنى ئاڭلاپ، ئويلىنىپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئەسلىي قائىدە بويىچە ئىش قىلماقچى بولسىڭىز، دۈشمەنلىشىشنى ئۆزۈنغىچە داۋاملاشتۇرماڭ. ئۆزىڭىزگە دۈشمەننى كۆپەيتمەڭ. دوستلارنى خارلىماڭ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەڭ. ئەگەر سىزنىڭ كۆز ئالدىڭىزدا بىرەر دۈشمەن كۆرۈلۈپ قالسا، ئۇنىڭغا مۇمكىنقەدەر شەپقەت ۋە مەرھەمەت بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىڭ. مۇنداق قىلغانلارنىڭ دۈشمىنى تولا ھاللاردا دوستقا ئايلىنىپ قالىدۇ. دوستلارنىڭ كۆڭلىگە دائىم ئىكرام لازىم بولۇپ تۇرىدۇ. دوستلارنىڭ دىل ئېرىقىغا ئىززەت سۈيى يېتىپ بارسا، دوستلاردا ئەقىدە كۈچىيىپ بارىدۇ.

بۇنى ئاڭلاپ ئىسكەندەر شاھ ئارستوتېلدىن تېخىمۇ تەپسىلىي ئىزاھلاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىدى. ھېكىم يەنە چۈشەنچە بېرىشكە باشلىدى:

— دۈشمەن گەرچە ئىقتىدار جەھەتتىن ئاجىز، سان جەھەتتىن ئاز بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىدىن ھەرگىز غاپىل

بولماڭ. لەشكىرىڭىز ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپلۈكىگە ئىشىنىپ كەتمەڭ. ئەگەر كۆز ئالدىڭىزدىكى مۇھىم ئىشلىرىڭىز يۇمشاقلىق بىلەن ھەل بولىدىغان بولسا، خەنجەرنى غىلاپتىن چىقارماڭ.

ئىسكەندەر:

ــــ ئەگەر مېنىڭ ئىشىم دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇشقا بېرىپ قالسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلىمەن، قانداق قەدەم قويىمەن؟ ــــ دەپ سورىدى.

ــــ جەڭ ۋاقتى ئاساسىي جەھەتتىن ئىككى ھالەتتىن تاشقىرى ئەمەس، ــــ دەپ سۆز باشلىدى ھېكىم، ــــ ياكى سىز باشقىلار بىلەن ئۇرۇشماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بارىسىز ياكى باشقىلار سىزنىڭ ئۈستىڭىزگە كېلىدۇ. ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇشماقچى بولۇپ بارسىڭىز، ئۇ چاغدا سىز تۆۋەندىكى ئون شەرتكە رىئايە قىلىشىڭىز كېرەك. بىرىنچى، بۇ جەڭنىڭ غەلىبىسىدىن كۆزدە تۇتقان مەقسىتىڭىز ھەقىقەتەن خەيرلىك ئىش بولسۇن. بارلىق ئارزۇيىڭىز ھەققانىيەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش، بۇزۇقچىلىقلارنى، زالىملارنى، پىتنە ـ پاساتچىلارنى ئالەم سەھنىسىدىن يوق قىلىش بولسۇن. ئىككىنچى، بارلىق تەلەپ ۋە ئىشلىرىڭىزنى ھەقىقەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇڭ. خەيرلىك ئىشلارنى، ئاجىزلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ئىشلارنى كۆپ قىلىڭ. ئۈچىنچى، زېرەك بولۇڭ، غاپىل بولماڭ، ئەلچىلەرنى ئىشقا سېلىپ، قارشى تەرەپنىڭ كەيپىياتى، پىلانى ۋە ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى ھوشيارلىق بىلەن بىلىپ تۇرۇڭ. تۆتىنچى، ئۇرۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ئەسكەرلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى بىر دىل، بىر تىللىق بولسۇن، سىپاھلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى غالىبىيەتنىڭ ئاساسىدۇر. ۋەزىر ـ ئەمىرلەر بىلەن قابىلىيەتلىك ھەكىملەر ـ ئالىملارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھۆرمىتى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى چىڭ ساقلاش ۋە ئۇنى ئاسراشنى مۇھىم دەپ بىلىڭ. بەشىنچى، لەشكىرىي قوشۇنلارنىڭ كۆڭلىگە ئۆزىڭىزنىڭ مۇھەببەت ۋە ھۆرمىتىڭىزنى ئورۇن ئالغۇزۇڭ، قىلغان ۋەدىلىرىڭىزگە ۋاپا قىلىشنى كۆڭلىڭىزدىن ھەر ۋاقىت چىقىرىۋەتمەڭ. ئالتىنچى، جەڭ باشلانغاندا مۇمكىنقەدەر جەڭ مەيدانىغا ئۆزىڭىز كىرىڭ. چۈنكى، ئەھۋال ئۆزگىرىپ ئوڭۇشسىزلىق يۈز بېرىپ قالسا، تەدبىر كۆرۈشكە ئاسان بولىدۇ. يەتتىنچى، لەشكىرىي قوشۇنلىرىڭىزغا تۆۋەندىكى ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولغان كىشىلەرنى ئەمىر ۋە قوماندان قىلىپ تەيىنلەڭ: (1) ئۇ كىشى شىجائەتلىك، كۈچلۈك، يۈرەكلىك، باھادىر بولسۇن، قوشۇن ئىچىدە سۈر - ھەيۋىسى ۋە ئابرۇيى بار مەشھۇر كىشى بولسۇن. مەشھۇر كىشىلەرنىڭ نامى بىلەن دۈشمەن كىشىلەرنىڭ يۈرىكى دائىم ئەندىشە تارتىپ تۇرىدۇ. (2) ئۇ كىشى كېڭەشلىك، تەدبىرلىك، پىلانچان بولسۇن، شۇنداق بولغاندا، جەڭنىڭ جەريانى ئۇلارنىڭ مۆلچەرىنىڭ سىرتىدا قالمايدۇ. ئۇلار ھەر قانداق ئوڭۇشسىزلىقلارغا تەدبىر بىلەن تاقابىل تۇرالايدۇ. ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ھىيلە پەم - پاراسەتنىڭ ئىپادىسىدۇر. خەۋەرلەردە دائىم «جەڭ قىلماق - ھىيلە قىلماق» دەپ نەقىل كەلتۈرۈلىدۇ. (3) ئۇ كىشى كۆپ جەڭلەرگە قاتناشقان تەدبىرلىك، جەڭ ئىشلىرىنى كۆپ قېتىم سىناق قىلغان كىشى بولسا، ئۇرۇش ئۇستىدىكى ھۆكۈم ۋە قارارلار تەبىئىيكى كۆپ قېتىملىق ئۇرۇش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا چىقىرىلىدۇ. سەككىزىنچى، جەڭ ئۇستىدە شىجائەت قىلغان، باشقىلاردىن كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن كىشىلەرگە مۇكاپات ۋە مەرتىۋە بېرىپ، ئۇلارنىڭ روھىغا تەھسىنلەر ئوقۇپ، مەدھىيە كۆرسىتىش كېرەك. بۇ چارىلەر جەڭ كەيپىياتىغا ئىلھام ۋە رىغبەت بەخش ئېتىپ، كىشىلەرنى ئەقىدە

ۋە ئىرادە جەھەتتىن مۇستەھكەملەپ بارىدۇ. توققۇزىنچى، ھەر ۋاقىت غەپلەت ۋە غاپىللىقتىن ئېھتىيات قىلىش، غالىبىيەتكە يېقىنلاشقاندا، تولا ھاللاردا بىپەرۋالىق سادىر بولۇپ قالىدۇ. ئازغىنا بىپەرۋالىقتىن ئۇرۇش ۋەزىيىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. بۇ خىل ساۋاقلار ناھايىتى كۆپ يۈز بەرگەن. ئونىنچى، ئەگەر دۈشمەن سەپلىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قاچسا، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىش، ئۇزۇلدۇرمەي زەربە بېرىپ، پۇرسەت بەرمەسلىك كېرەك. ئەگەر ئۇلارنىڭ تارمار بولغىنىغا قانائەتلىنىپ قالسا، چوڭ خاتالىق يۈز بېرىدۇ. ئۇلار بېرىپ قالدۇق كۈچلىرىنى توپلاپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ھەتتا سىزنىڭ سېپىڭىزغا ئادەم كىرگۈزۈپ، قايتا ئۇرۇش قوزغايدۇ. قوشۇنىڭىزغا زىيان يەتكۈزىدۇ. ئەگەر دۈشمەن سىزنىڭ ئۈستىڭىزگە كېلىپ ئۇرۇشماقچى بولسا، بۇنىڭ ئاقىۋىتىمۇ چوقۇم ئىككى ئېھتىمالدىن يىراق بولمايدۇ. يا ئۇ دۈشمەنگە تەڭ كېلەلەيسىز يا كېلەلمەيسىز. ئەگەر تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىڭىز بولسا، ھوشيارلىق بىلەن تەدبىر كۆرۈپ، دۈشمىنىڭىزنى نىيىتىدىن ياندۇرۇپ، تىنچلىق بىلەن ئىش قىلىشقا مايىل بولۇشىڭىز كېرەك. ئەگەر بۇنىڭغا مۇيەسسەر بولماي، ئىش ئۇرۇش قىلىشقا تەيىن تاپسا، ئۇ چاغدا يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن شەرتلەر بويىچە ھوشيار ۋە دادىل ئۇرۇش قىلىش كېرەك. ئەگەر سىزدە دۈشمەنگە تەڭ كەلگۈدەك ئىقتىدار بولمىسا، بارلىق يوشۇرۇن تەييارلىقلارنى كۈچەيتىپ، مۇداپىئە شەرتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئىشنى پاراسەت بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا، سۈلھى قىلىپ ئۇرۇشماسلىققا يۈزلىنىش كېرەك. ئەگەر دۈشمەن سۈلھى تەرەپدارى بولسا، ئۇنى قوبۇل قىلىش، مۆتىدىللىككە ئۆتۈش كېرەك. ھەر قانداق كىشى سۈلھى تەرەپكە مايىل بولسا، پاراسەت تەرەپكە ئۆتكەن بولىدۇ.

ئىسكەندەر ئارستوتېل ھېكىمدىن بۇ بايانلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەمەل قىلىدىغان دەستۇرى قىلىش ئۈچۈن، بىر - بىرلەپ نەقىش قىلىپ يازدۇرۇۋالدى ھەمدە بارلىق ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا ئۇيغۇنلاشتۇردى.

## خالىس مۇھتەسىپ[1]

شەيخ ئەبۇلھەسەننىڭ يامان ئىشلارنى كۆرسە چەكلەيدىغان ئادىتى بار ئىدى. ئۇ توسۇماقچى بولغان ئىشلىرىنى ھەتتا ئۆلۈم خەۋپى كۆرۈلسىمۇ دادىل توساتتى.

بۇ كىشى بىر كۈنى دەريا بويىغا چىقتى. دەريادا ئىچىگە نۇرغۇن كوزىلارنى قاچىلىغان بىر كېمىنى كۆردى. قارىسا، بۇ كوزىلارغا «لەتىپ» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىدى. شەيخ تەئەججۇپ بىلەن كېمىچىدىن:

— مەن ھېچبىر سودىگەرنىڭ ماللىرىدا مۇنداق «لەتىپ» دەپ يېزىلغان كوزىلارنى كۆرمىگەنىدىم، بۇ كوزىلاردا نېمە بار؟ — دەپ سورىدى. كېمىچى:

— سىز بولسىڭىز بىر دەرۋىش كىشى ئىكەنسىز. بۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ ھېچ ئالاقىڭىز يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز يولىڭىزغا مېڭىۋېرىڭ، بۇنى سوراپ ئولتۇرماڭ، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان شەيخنىڭ كۆڭلىدە ئۇنى بىلىپ بېقىش قىزغىنلىقى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.

— مەن ئەلۋەتتە بۇنى بىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى

---

[1] مۇھتەسىپ — شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارنى تەكشۈرگۈچى، يامان ئىشلارنى ئېنىقلاپ چەكلىگۈچى ئەمەلدار.

ئۇ كېمىچىگە، — سەن بۇنى يوشۇرماستىن ئېيتىپ بېرىشىڭ كېرەك.

— بۇ كوزىلاردىكىسى شاراب، بۇنى باغداد پادىشاھى مۇھتەزىد خەلىپىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئېلىپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى كېمىچى.

شەيخ كېمىگە قاراپ بىر دانە تاياقنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئۇنى قولىغا ئېلىپ، كوزىلارنى بىر ـ بىرلەپ ئۇرۇپ سۇندۇردى. كېمىچى بۇ كۈتۈلمىگەن ھادىسىنى كۆرۈپ، قورقۇپ كېتىپ ۋارقىراپ تاشلىدى. بۇ ئىش ئۇستىگە باغدادنىڭ يۇنۇس ئەقلەھ ئىسىملىك بىر پاششىپى كېلىپ قالدى. ئۇ شەيخنى تۇتۇپ، خەلىپىنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. ئاندىن بولغان ۋەقەلەرنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىپ ئۆتتى.

مۇھتەزىد بولسا ئىنتايىن زالىم پادىشاھ ئىدى. ئۇنىڭ تولا سىياسەتلىرى شەمشەر بىلەن ئورۇندىلاتتى. باغداد خەلقى شەيخنىڭ مۇھتەزىد خەلىپە ھۇزۇرىدا سوراقتا تارتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئېغىر قورقۇنچقا چۈشتى. ھەممە كىشى «ئەمدى شەيخنى ئۆلتۈرىدىغان بولدى» دەپ گۇمان قىلىشتى. چۈنكى بۇ چاغدا مۇھتەزىد ئۇستىگە قىزىل كىيىم كىيىپ، قولىغا تۆمۈر گۇرزى ئېلىۋالغانىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ يامان نىيىتىدىن دېرەك بېرەتتى. خەلىپە شەيخكە قاراپ غەزەپ بىلەن سوراق قىلدى:

— سەن نېمە سەۋەبتىن مېنىڭ ئىشلىرىمغا مۇنداق ئەدەپسىزلىك بىلەن قول تىقىسەن؟

شەيخ بولسا تەمكىن تۇراتتى. ئۇ شاھقا بىر ئېغىزلا جاۋاب بەردى:

— چۈنكى مەن بولسام مۇھتەسىب.

— سېنى كىم مۇھتەسىب قىلغان؟ — دەپ يەنە سورىدى

خەلپە. شەيخ بۇنىڭغا:
— ساڭا پادىشاھلىقنى بەرگەن بۇيۇك تەڭرى ماڭا مۇھتەسىبلىكنى بەرگەن، — دەپ جاۋاب بەردى.
خەلپە شەيخنىڭ بۇ دادىل سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خېلى ئۇزۇنغىچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئويلىنىپ قالدى. بىر ھازادىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:
— بۇ كوزىلارنى سۇندۇرۇپسەن، بۇنىڭدىن ساڭا نېمە زىيان يەتكەن؟ — دېدى.
— ماڭا زىيان يەتكىنى يوق، — دېدى شەيخ، — ئالدى بىلەن ساڭا، ئاندىن پۇقرالارغا شەپقەتتە بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ كوزىلارنى سۇندۇردۇم.
خەلپە:
— ماڭا قانداق شەپقەتتە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى.
— ئەگەر سەن ھارام ئىشلارنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىلىۋالساڭ، — دېدى شەيخ خەلپىگە، — باشقا خەلقلەرمۇ ساڭا ئەگىشىپ يامان ئىشلارنى قىلىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن يامان يولغا مېڭىش ئومۇملىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر سەن ئالدى بىلەن بۇ يولدىن ئۆزۈڭنى تارتساڭ، باشقىلار مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولىدۇ. خەلقلەر بۇزۇق ئىشلارنى پادىشاھقا ئەگىشىپ قىلىدۇ. ئەگەر پۇقرالار ئۆز پادىشاھىنى ياخشى ۋە توغرا ئىشلار ئۈستىدە كۆرسە، ھەممىسىنىڭ كۆڭلى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا مايىل بولىدۇ. ئەگەر پۇقرالار ئۆز پادىشاھىنى بۇزۇقلۇق ئۈستىدە كۆرسە، ئۇ چاغدا ھەممە ئادەم يامان ئىشلارغا، ناچار ئادەتلەرگە، قەبىھ ھەرىكەتكە بېرىلىق بىلەن قەدەم قويۇشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ساڭا ۋە بارلىق پۇقرالارغا مېھرىبانلىق ۋە شەپقەت كۆرسەتتىم. مېنىڭ ھەقىقەتنى قوغداش، ياخشىلىقنى ھىمايە

قىلىشتىن باشقا غەرىزىم يوق.

خەلىپە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تەسىرلىنىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئاندىن شەيخكە قاراپ:

ــــ ئەي ئەزىز، مۇھتەسىبلىك ئىشلىرى ھەقىقەتەن ساڭا لايىق ئىكەن، بۇنىڭدىن كېيىن مەندە ۋە باشقىلاردا كۆرۈلگەن تۈرلۈك يامان ئىشلارنى سەن تۈزەتكىن، پېقىر سېنىڭ بۇ ئىشلىرىڭنى قوللاپ، مەدەت بېرىشكە كېپىل بولىمەن، سەن ھەقىقەتەن ھەققانىي ۋە غەرەزسىز ئادەم ئىكەنسەن، ــــ دەپ ۋەدە بەردى.

## هوشيار پادىشاھ

قەدىمكى زاماندا ھوشيار ۋە زېرەكلىكتە داڭقى چىققان بىر پادىشاھ بولۇپ، يۇرت ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك بىلەتتى. كىشىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ نام ـ ئەمەللىرىنى، ئائىلە تۇرمۇشى، مەشغۇلات ـ مەئىشەتلىرىنى ياخشى بىلەتتى. بۇ پادىشاھنىڭ بىر ۋەزىرى بولۇپ، پادىشاھقا دائىم ساختىپەزلىك بىلەن ئىشلەيتتى، ئۆزى بۇزۇق نىيەتلىك ئىدى، لېكىن كۆرۈنۈشى ئىنتايىن سەمىمىي كۆرۈنەتتى. ئۆزىنى دائىم ناھايىتى ساداقەتلىك، توغرا يوللۇق ئادەم قىلىپ كۆرسىتەتتى. كىشىلەر ئۇنى بىلسىمۇ، لېكىن پادىشاھقا پاش قىلغۇدەك جۈرئىتى يوق ئىدى. ۋاقىتلار ئۆتۈپ ھوشيار پادىشاھ بۇ ۋەزىرىنىڭ مەككارلىقىنى بىلىپ قالدى. لېكىن ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئاشكارىلىغاندا، مەملىكەتنىڭ باشقۇرۇلۇشىغا ۋە سەلتەنەتنىڭ نوپۇزىغا تەسىر يېتىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى مەخپىي ھالدا ئاگاھلاندۇرۇش قارارىغا كەلدى. پادىشاھ ئۇ ۋەزىرنى چاقىرىپ:

www.uyghurkitap.com

— ماڭا بىر قۇش كېرەك. ئۇنىڭ تۇمشۇقى قىزىل، قاناتلىرىنىڭ ئۇچى قارا، باشقا ئەزالىرىنىڭ رەڭگى ئاق بولۇشى كېرەك. بۇ قۇشنى سەندىن باشقىسى تاپالمايدۇ. سەن بېرىپ شۇ قۇشنى تېپىپ كەل، — دەپ بۇيرۇدى.

ۋەزىر پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى ياۋاشلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئورۇنداشقا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت تەلەپ قىلدى. پادىشاھمۇ ماقۇل بولدى. ئەمىر ئۆيىدىن چىقىپ بۇ خىل قۇشنى ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئۈچ كۈنلۈك ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ، پۈتۈن شەھەر ـ قىشلاقلارنى قويماي ئىزدىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنداق قۇشنى تاپالمىدى. ئاخىر شاھنىڭ قېشىغا قايتىپ، يىغلىغىنىچە ئاۋازىدا ئۆزرە ئېيتتى:

— ئەي شاھىم، مەن ئۆزلىرىنىڭ تاپشۇرۇقىنى بەجانىدىل ئورۇنداش يولىدا ھەممە ئىقتىدارىمنى سەرپ قىلدىم، لېكىن ئۇنىڭدىن نەتىجە چىقىرالمىدىم. ئەگەر مۇمكىن بولغىنىدا ئىجازەت بەرسىلە، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر قۇش ئېلىپ كەلسەم.

پادىشاھ:

— مېنىڭ شەرتىم شۇ خىل قۇشتىن باشقا قۇش ئەمەس. مەن ئومۇمىي ۋىلايەت ۋە شەھەرلەرنىڭ ھوقۇقىنى ساڭا بەرگەن. سەن شۇنچىۋالا ۋاقىتنى سەرپ قىلغان تۇرۇقلۇق، شۇنچىلىك جانىۋارنى تېپىشقا نېمە ئۈچۈن ئاجىز كېلىسەن؟ ھازىر مەن ساڭا يەنە ئۈچ كۈنلۈك ئىجازەت بەردىم، بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە جەزمەن شۇ قۇشنى تېپىپ كېلىشىڭ كېرەك، — دەپ كېسىپ ئېيتتى.

ئەمىر يەنە بېرىپ بۇرۇنقىدىن بەكرەك ئىزدىدى، لېكىن ئۇ خىل قۇش كۆرۈنمىدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە قايتىپ كېلىپ، شاھقا ناماقۇل بولدى. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ:

— بارىكاللا، سەن پۈتۈن شەھەر ئەھۋالىغا مەسئۇل بولۇپ

تۇرۇقلۇق، يەنە كېلىپ بۇ خىل قۇش مۇشۇ شەھەرنىڭ ئىچىدە بىر ئۆيدە بار تۇرۇقلۇق سەن ئۇنىڭدىن بىخەۋەرسەن. ھازىر چىقىپ شەھەرنىڭ تۆت كوچىنىڭ كېسىشكەن جايىغا بېرىپ، شەرقىي بازار بىلەن يۇرسەڭ، بىر مەسچىتنىڭ ئىشىكىگە بارىسەن. شۇ مەسچىت ئالدىدا تۇرۇپ ئوڭ قول تەرەپكە قارىساڭ، ئۇ يەردە بىر مەھەللىنى كۆرىسەن، ئۇ مەھەللىدە بىر تار كوچا بار. ئۇ كوچا بىلەن ماڭساڭ، بىر ھويلا بار. ئۇ ھويلىنىڭ ئىچىدە ئىشىكى جەنۇب تەرەپكە ئېچىلىدىغان بىر ئۆي بار. شۇ ئۆينىڭ ئالدىدا بىر سۇپا بار. سەن شۇ سۇپىغا چىقىپ ئالدى بىلەن سول قول تەرەپكە قارىساڭ، بىر ئۆينى كۆرىسەن. بۇ ئۆينىڭ ئىچىدە يەنە بىر كىچىك ئۆي بار. شۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرسەڭ، ئۇ يەردە سېرىق يوپۇق يېپىلغان بىر قەپەس بار، شۇنى ئېلىپ چىقساڭ، مەن ئېيتقان قۇش شۇنىڭ ئىچىدە بار. ئېلىپ كەلسەڭ بولىدۇ، — دەپ بۇيرۇدى.

ئەمىر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. پادىشاھ كۆرسەتكەن يولغا كىرىپ، ئىزدەپ ھېلىقى قۇشنى قەپەس بىلەن ئېلىپ كىردى. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ ئەمىرگە قاراپ:

— ھۆكۈمەت ۋەزىرلىرى دېگەن ئۆز شەھەرلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خۇددى ئۆز ئائىلىسىنى بىلگەندەك خەۋەردار بولۇشى كېرەك، — دېدى.

ئەمىر بۇ قېتىم پادىشاھنىڭ ئۆزىگە قويغان ئىمتىھان ۋە مۇئامىلىسىدىن بۆلەكچە تەسىر ئالدى. ئاندىن كۆڭلىدە «پادىشاھ شەھەرنىڭ بازار ـ كوچا ـ مەھەللە، ئۆي ـ ئايماق ۋە ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋاللىرىدىن بۇ قەدەر پىششىق خەۋەردار ئىكەن، ئۇنداقتا مېنىڭ يوشۇرۇن ئىشلىرىمدىن ئەلۋەتتە خەۋەردار بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئەمدى خۇپىيانە ئىش قىلماسلىقىم

كېرەك» دەپ نىيەت قىلىپ، توغرا دىللىق بولۇش يولىنى تۇتتى. دېمەك، پادىشاھلار ھوشيار ۋە زېرەك بولسا، ھەربىر كىچىك ئىشلارغىچە چوڭقۇر ۋە ئېدىتلىق خەۋەردار بولسا، سەلتەنەت راۋاج تاپىدۇ. دۆلەت ئەمىن بولىدۇ.

## مېھماندوستلۇقنىڭ خاسىيىتى

بۇرۇنقى ئۇلۇغلار ئۆز دۈشمەنلىرىگىمۇ مېھماندارچىلىق قائىدىلىرىنى ئادا قىلاتتى. كىرمان پادىشاھى ئىنتايىن سېخىي ۋە مېھماندوست كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ مېھماندارچىلىق ئىشىكى داۋاملىق ئوچۇق ئىدى. ساخاۋەت داستىخىنى ھەمىشە يېيىقلىق تۇراتتى. ھەر قانداق كىشى ئۇ تۇرۇۋاتقان جايغا كەلسە، ئۇنىڭ ساخاۋەت داستىخىنىغا قاتناشماي قالمايتتى.

بىر چاغدا ئىززۇددەۋلە لەشكەر تارتىپ كىرمان شاھى بىلەن ئۇرۇشماقچى بولۇپ كەلدى. ئۇلار بېسىپ كەلگەندە، كىرمان پادىشاھى ئۆز شەھىرىنىڭ دەرۋازىلىرىنى مەھكەم ئېتىۋەتتى. كۈندۈزى ئۇلار بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇرۇشاتتى، لېكىن كېچىسى بولسا كىرمان پادىشاھى ئىززۇددەۋلەنىڭ لەشكەرلىرىگە نان، سۇ بېرەتتى. بىر كۈنى ئىززۇددەۋلە كىرمان شاھىغا كىشى قويۇپ:

— كۈندۈزى ئۇرۇش قىلىپ، كېچىسى تائام بېرىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراتتى.

كىرمان پادىشاھى ئۇنىڭغا:

— كۈندۈزى ئۇرۇش قىلىش مەردلىك ۋە شىجائەت سەۋەبىدىن، كېچىسى تائام بېرىش ئادەمگەرچىلىك ئەخلاقىنىڭ تەقەززاسىدىن. گەرچە سىلەر دۈشمەن بولساڭلارمۇ، لەشكەرلەر

ھوقۇقىنىڭ زورى ۋە بۇيرۇقىنىڭ كۈچى بىلەن كەلگەن، شۇڭا ئۇلار يىقىرنىڭ يۇرتىغا مۇساپىردۇر، ــــ دەپ جاۋاب بەردى.
ئىززۇددەۋلە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئويلاپ كەتتى. «ئەگەر كىشى مۇنداق مۇرۇۋۋەتلىك بولسا، ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىش ئەلۋەتتە ئىنسانىيەتچىلىكتىن ئەمەس» دەپ دەرھال ئۇرۇشتىن ياندى.

## ئىشتا ئۆز ئارزۇسىنى ئۆلچەم قىلىش ئادىللىق ئەمەس

مىسىر پادىشاھلىرىدىن بىرى ئەدەپسىز كىشىنى شەرىئەت بويىچە جازالاش ئۈچۈن سىياسەتگاھىغا(قازىخانىغا) ئىلىپ كىلىپ:
ــــ ئۇنىڭغا ئەدەپ تايىقى ئۇرۇڭلار، ــــ دەپ بۇيرۇپتۇ. ئۇ ئادەم تاياق ئاستىدا تۇرۇپ، يامان تىل بىلەن پادىشاھنى ھاقارەتلەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ:
ــــ ئۇنى ئۇرماي قويۇۋىتىڭلار، ــــ دەپتۇ. ئەجەبلەنگەن ئوردا ئەربابلىرىدىن بىرى:
ــــ ئەي پادىشاھ، بۇ بىھايانى تىخىمۇ زىيادىرەك ئەدەپلەش لازىم ئىدى. ئەپۇ قىلىشقا نىمە سەۋەب بولدى؟ ــــ دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ مۇنداق جاۋاب بىرىپتۇ:
ــــ مەن ئۇنى تەڭرى رىزاسى ئۈچۈن تاياق بىلەن ئەدەپلىگەنىدىم. ئۇ مىنى ھاقارەتلىك تىلى بىلەن ئەدەپلىدى. نەپسىم ئىزا تارتىپ، غەزەپلىنىپ ئۇنىڭغا تىخىمۇ چوڭراق جازا بەرگۈم كەلدى، لىكىن مىنىڭ شەرىئەت ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئۆز نەپسىم ئارزۇسىنى دەپ ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئىلىشىم مۇۋاپىق ئەمەس. شەرىئەت ۋە دۆلەت ئۈچۈن ئىلىپ بىرىلىۋاتقان ئىشقا ئۆزۇمىنىڭ شەخسىي ئارزۇ ـ ھەۋىسىمنى، خۇسۇسىي ئاداۋىتىمنى

قوشۇۋالسام بۇ ئادىللىق بولمايدۇ. ياخشى ئىشنى قىلماقچى بولغان كىشى ئۇ ئىشقا شەخسىي غەرىزىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويسا، بۇ خالىسانىلىك بولمايدۇ. بۇنداق كىشى ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن ساۋاب ئەمەس، گۇناھقا، ئالقىش ئەمەس قارغىشقا ئىگە بولىدۇ.

## سەۋرچان ۋە چىدامىلىق بولۇشنىڭ ئاخىرى بەختتۇر

ئەفراسىياب ئۆزىنىڭ ئەمىرلىرىگە: «مەردلىك ۋە مەردانىلىك جەھەتتە سىناپ كۆرمەي تۇرۇپلا كىشىنىڭ سۇرىتىگە، بوي - تۇرقى، چىراي ۋە شەكلىگە، لاپ ئۇرغانلىقىغا قاراپ ئالدىنىپ كەتمەڭلار» دېگەنىكەن.

بىر كۈنى ئەفراسىياب ئەمىرلىرىدىن بىرىنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ، بىر مۇھىم ئىش توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن كېڭەش قىپتۇ. توساتتىن بىر چايان كېلىپ ئەمىرنىڭ كىيىمى ئىچىگە كىرىۋاپتۇ - دە، چېقىپ نەشتەر سانجىغىلى تۇرۇپتۇ. چايان شۇنداق قاتتىق چېقىپتۇكى، ئۇنىڭ بارلىق زەھرى ۋە نەشتىرى كاردىن چىقىپتۇ. ئەمىرمۇ شۇ دەرىجىدە چىدام ۋە سەۋر - تاقەت كۆرسىتىپتۇكى، چىرايىنى ئازراقمۇ ئۆزگەرتىپ قويماپتۇ. مەسلىھەتتىن توختاپمۇ قالماپتۇ.

كېڭەش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئەمىر ئۆيىگە بېرىپ چايانىنى كىيىمىدىن ئېلىپ تاشلاپتۇ. كېيىن بۇ ئەھۋال پادىشاھقا ئاڭلىنىپتۇ. پادىشاھ ئىنتايىن ھەيران بوپتۇ. ئەمىر ئىككىنچى قېتىم پادىشاھنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن كەلگەندە، پادىشاھ تەئەججۈپلەنگەن ھالدا ئەمىردىن سوراپتۇ:

— ئىنسان زىيانلىق نەرسىنى ئۆزىدىن يىراق قىلىش زۆرۈر



www.uyghurkitap.com

ئىدى. سەن نېمە ئۈچۈن چايانىنى دەرھال ئېلىپ تاشلاپ ئازابتىن ئازاد بولمىدىڭ؟

ئەمىر جاۋاب بېرىپ:

ــــ مەن ئۆزلىرىدەك بۈيۈك پادىشاھنىڭ خىزمەت ۋە سۆھبەت رىشتىسىنى چايانىنىڭ نەشتەر ئۇرۇشى بىلەن ئۈزۈۋەتمەيمەن. ئەگەر بوگۇنكى كىچىككىنە چايانىنىڭ چېقىشىغا بەرداشلىق بېرەلمىسەم، كەلگۈسىدە ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنىنىڭ زەھەرلىك تىغىغا قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلەيمەن؟ ــــ دەپتۇ.

پادىشاھ ئەمىرنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ساداقىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. مەرتىۋىسىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپتۇ. ئەمىر چىدام ۋە سەۋر - تاقىتى ئارقىلىق يۇقىرى مەرتىۋىگە مۇيەسسەر بوپتۇ.

## ياخشى كىشىلەر باشقىلارنىڭ ياخشى نىيىتىنى چۈشىنىدۇ

خەلىپە مەئمۇنىنىڭ دەۋرىدە شورلۇق زېمىندا ياشىغان بىر ئەرەب بار ئىكەن. ئۇ ئۆمرىدە تاتلىق سۇمۇ ئىچىپ باقمىغان ۋە تاتلىق مېۋىمۇ يەپ باقمىغانىكەن. بىر چاغدا ئەرەبنىڭ يۇرتىدا قەھەتچىلىك بوپتۇ، ھېلىقى ئەرەب ئاشلىق ئىزدەپ ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ سەپەرگە چىقىپتۇ. ئەرەب توپىرىقى مۇنبەت بىر زېمىنغا يېتىپ بارغاندا، ئۇنىڭ تاتلىق سۇ يىغىلىپ قالغان بىر ئويمانغا كۆزى چۈشۈپتۇ. ئەرەبنىڭ كۆزىگە شامالدا جىلۋىلىنىپ تۇرغان بۇ سۈزۈك سۇ بەكمۇ پاك ۋە چىرايلىق كۆرۈنۈپتۇ. ئەرەب بەكمۇ ھەيران بوپتۇ. ئۇ دەرھال سۇنى بىرئاز ئىچكەنىكەن، سۇ ئۇنىڭ تامىقىغا چەكسىز ھۇزۇر ۋە لەززەت بېغىشلاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «جەننەتتە شېرىن ۋە ھۇزۇرلۇق سۇ بار» دەپ ئاڭلىغانىدىم، ئەگەر گۇمانىم توغرا بولسا، تەڭرىنىڭ موھتاجلىقىم ۋە تەشنالىقىمغا

رەھمى كېلىپ، بۇ سۇنى جەننەتتىن ماڭا يەتكۈزگەن بولسا كېرەك. بۇ سۇدىن بىرئاز ئېلىپ بېرىپ پادىشاھقا تۆھپە قىلسام، ئۇنىڭ بەدىلىگە پادىشاھ ماڭا ئىنئام بەرسە، بالا ـ چاقىلىرىممۇ مۇشۇ سۇنىڭ بەرىكىتى بىلەن قەھەتچىلىكتىن قۇتۇلۇپ قالار... دەپ ئويلاپتۇ، ئەرەب بىر تۇلۇمغا ھېلىقى سۇدىن قاچىلاپ، باغداد يولىغا راۋان بوپتۇ ـ دە، خەلىپىنىڭ ھۇزۇرىغا يۈرۈپ كېتىپتۇ.

بىرقانچە مەنزىل يۈرگەندىن كېيىن، شىكارغا چىققان خەلىپە مەئمۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئەرەب خەلىپىنىڭ قېشىغا بېرىپ، دۇئاغا ئېغىز ئېچىپتۇ. خەلىپە ئەرەبكە قاراپ:

— سىز قەيەردىن كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەرەب:

— مەن پالانى سەھرادىن بولىمەن، ئۇ يەرنىڭ خەلقلىرى قەھەتچىلىك بالاسىغا دۇچار بولۇپ، قىيىن ئەھۋالدا قالدى — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— سىز قايسى تەرەپكە بارىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ خەلىپە.

ھېلىقى ئەرەب:

— سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە كەلدىم، لېكىن قۇرۇق قول كەلدىم. سىزگە شۇنداق ئۇلۇغ تۆھپە ئېلىپ كەلدىمكى، ھېچبىر كىشىنىڭ ئارزۇ قولى ئۇنىڭ ۋىسالىغا يەتكەن ئەمەس، ھېچبىر مەخلۇقنىڭ كۆزى ئۇنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان ئەمەس، — دەپتۇ.

خەلىپە بۇ سۆزدىن ئەجەبلىنىپ:

— ئەكەلگەن تۆھپىلىرىڭىزنى كەلتۈرۈڭ، مەن كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ.

ئەرەب تۇلۇمنى خەلىپىنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— مانا بۇ جەننەت سۈيى، بۇ سۇنى ئالەمدە ھېچكىم

ئىچكىنى يوق، — دەپتۇ.

خەلپە بىر خادىمغا تۇلۇمدىن بىر قاچا سۇ ئېلىپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ.

خەلپە سۇنى ئىچىپ كۆرۈپتۇ. تۇلۇمنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇ سۇنىڭ رەڭگى ۋە تەمى بۇزۇلۇپ قاڭسىق بولۇپ قالغانىكەن.

خەلپە ئەرەبنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بوپتۇ، ئەمما ئەھۋالنى ئاشكارىلاپ، ئۇ ئەرەبنى ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشنى لايىق كۆرمەپتۇ.

— ھەي قېرىنداشىم، — دەپتۇ خەلپە ئۇنىڭغا، — راست ئېيتىپسىز، بۇ ھەم تاتلىق، ھەم سۈزۈك سۇ ئىكەن. بۇنى ھەر قانداق كىشىگە بېرىشكە بولمايدىكەن، ئەمدى قالغان سۇنى مېنىڭ مەخسۇس سەرپىياتىم ئۈچۈن قالدۇرغايسىز.

خەلپە سۇنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئەرەبكە:

— ھەي بۇرادەر، سىز ماڭا ناھايىتى ياخشى تۆھپىلەرنى كەلتۈرۈپسىز، ئەمدى ئۆزىڭىزنىڭ ھاجەتلىرىڭىزنى سۆزلەڭ، — دەپتۇ.

— ئەي مۆمىنلەرنىڭ خەلپىسى، — دەپتۇ ئەرەب، — بىزنىڭ يۇرتىمىزدىكى خەلقلەر ئاچارچىلىق ۋە سۇسىزلىق دەردىدە ئۆلەر ھالەتكە يېقىنلاشتى. ئەھلى يۇرتلىرىمىزنىڭ، بالا - چاقىلىرىمنىڭ ھالى خاراب، شۇ ھاجەت ئۈچۈن ئالدىڭىزغا كەلگەنىدىم.

خەلپىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن خەزىنىچىلەر ئەرەبكە مىڭ دىنار پۇل بېرىپتۇ. ئاندىن خەلپە ئەرەبنى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، يۇرتداشلىرىغا ياردەم قىلىشقا بۇيرۇپتۇ.

ئەرەب كەتكەندىن كېيىن خەلپىنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى:

— ئەي پادىشاھ، سىز نېمە ئۈچۈن ئۇ ئەرەب ئېلىپ كەلگەن سۇدىن باشقىلارغىمۇ بەرمەيسىز، نېمىشقا ئۇنى بۇيەردىن ئۆتكۈزمەي قايتۇرۇۋېتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا:

— بۇ سۇ بەكمۇ قاڭسىق ۋە بەتبۇي ئىكەن، ئەرەب ئۆزى ئىچىپ كۆنگەن سۈيىگە سېلىشتۇرۇپ، بۇ سۇنى جەننەتنىڭ سۈيى دەپ خىيال قىپتۇ. ئەگەر بۇ سۇنى سىلەرگە بەرگەن بولسام، سىلەر ئۇ ئەرەبنى ئەيىبلىگەن، مەسخىرە قىلغان بولاتتىڭلار، ئۇ بىچارە ئۆزىنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن قىلغان ئىشىدىن شەرمەندە بولغان بولاتتى. ئەگەر بۇ يەردىن قايتۇرۇۋەتمىسەم، ئۇ بېرىپ دەريانىڭ تاتلىق ۋە تېخىمۇ ھۇزۇرلۇق سۈيىدىن ئىچىدۇ ـ دە، مۇنچە بەتبۇي سۇنى مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كەلگىنىگە خىجالەتچىلىك تارتىپ قالىدۇ. بىر موھتاج كىشى مېنىڭ مۇكاپات ۋە ئېھسانىمدىن ئۈمىد كۈتۈپ كېلىپ، ئاقىۋەت نائۈمىد بولۇپ، چىرايىغا خىجالەتچىلىك چاڭ ـ توزانلىرىنى قوندۇرۇپ قايتىشىدىن ھايا قىلدىم، — دەپتۇ.

## ئەدەپ ـ ئەخلاق بىباھا بايلىق

مىسىر پادىشاھى رۇم سۇلتانى بىلەن بولغان ئاداۋىتىنى تۈگىتىپ، ئوتتۇردا ئىناقلىق ـ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆز قىزىنى رۇم سۇلتانىنىڭ ئوغلىغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ. رۇم سۇلتانىمۇ ئۆز قىزىنى مىسىر پادىشاھىنىڭ ئوغلىغا بېرىپتۇ. ئىتتىپاقلىق ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ئەلچىلەر ۋە مەكتۇپلار ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۈزۈلمەي يۈرۈشۈپ تۇرىدىغان بوپتۇ. بۇ ئىككى پادىشاھ

ئىتتىپاقلاشقانلىقتىن، ھەر ئىككى دۆلەت گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلماقچى بولغان ھەربىر چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىدا بىر ـ بىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈشۈپ تۇرىدىكەن. مۇھىم ئىشلىرىغا بولسا ئۆزئارا مەسلىھەتلەشمەي قەدەم قويمايدىكەن.

بىر كۈنى مىسىر پادىشاھى رۇم سۇلتانى بىلەن كۆرۈشۈپ مۇنداق دەپتۇ:

— بىزنىڭ ئوغلانلىرىمىز — تىرىكلىكىمىزنىڭ ئاساسى، ھاياتىمىزنىڭ جەۋھەرلىرىدۇر. بىزلەر ئالەمدىن ئۆتسەك، نام ـ نىشانىمىز ئەنە شۇلارنىڭ تىرىكچىلىكى ئارقىلىق ساقلىنىدۇ. ھېكمەتلەردە «تىرىكتۇر دىيارىدا ھەركىمكى ئول، قويۇپ كەتتى ئورنىدا ياخشى ئوغۇل» دېيىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىزلەردىن كېيىن خۇشال ـ خۇرام، خاتىرجەم ئۆتۈشىنىڭ غېمىنى يېيىشىمىز كېرەك. مەن ئوغلۇم ئۈچۈن قىممەت باھالىق نەپىس ماللار، سانسىز ياخشى ئات، تۆگىلەر ۋە باشقا ھەرخىل چارۋىلار، كىيىم ـ كېچەكلەر، ئۆي ـ ئىمارەتلەر، تۈگمەنلەر ۋە باشقا مال ـ مۈلۈكلەرنى مىراس قالدۇردۇم. سىز ئوغلىڭىزنىڭ تىرىكچىلىكى ئۈچۈن نېمە تەدبىر كۆردىڭىز؟ نېمىلەرنى تەييار قىلدىڭىز؟ — دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان رۇم سۇلتانى كۈلۈپ كېتىپ:

— مال ـ مۈلۈك ۋاپاسىز، يارۇ دوست تۇراقسىزدۇر، مال ـ دۇنيانىڭ ھېسابىنى قىلىش كېرەك، لېكىن بۇ دۇنيانىڭ بايلىقلىرىغا ئالدىناسلىق لازىم. مەن ئوغلۇمنى ئەدەپ كىيىملىرى بىلەن جابدۇپ قويدۇم، ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى سۈپەت ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقلارنى مىراس قالدۇردۇم. مالغا زاۋال يەتسىمۇ،

لىكىن ئەدەپ - ئەخلاق مەڭگۈ قىممەتلىكتۇر، - دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان مىسىر پادىشاھى «ئەل - ئەدەپۇ خەيرۇن - مىنەززەھەبى» (ئەدەپ - ئەخلاق ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك) دېگەن سۆزلەرنى تەكرارلاپ، رۇم سۇلتانىنىڭ پىكرىگە قايىل بوپتۇ. بۇ مەنىدە مۇنداق بىر نەزم بارلىقىقا كەلگەن:

ئەدەپ بايلىقى قارۇن كەنجىدىن خوپ،
ئەدەپ قەدرى پەرىدۇن مۇلكىدىن خوپ.
نەزەردە تۇتمىغاي پۇل - مالنى دانا،
مۇلۇك چۈنكى بولالماس مەڭگۈ ھەمراھ.
ئۇلار ئارزۇ قىلار ئىلمۇ ئەدەپنى،
ئۇلار تاپقان ئەدەپتىن شان - شەرەپنى.

## خەلقنىڭ دىلى ئادالەتتىن مەڭگۈ سۆيۈندۇ

ئۆتكەنكى زاماندا سۇلتان مەلىك شاھ سەلجۇقى دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ بىر كۈنى زىندەرۇد ئېقىنى بويىدا شىكار قىلىۋېتىپ ئىستىراھەت ئۈچۈن كۆكلەمزارغا چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ خادىملىرىدىن بىرى كەنتتىكى ئېرىق لېۋىدە ئوتلاپ يۈرگەن بىر كالىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆز ئادەملىرىگە تۇتتۇرۇپ كېلىپ، ئۆلتۈرۈپ، گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يەپتۇ. كالىنىڭ ئىگىسى شۇ جايدا ئولتۇرۇشلۇق بىر تۇل خوتۇن بولۇپ، ئاشۇ كالىنى سېغىپ سۈتىنى سېتىش ئارقىلىق تۆت بالىسىنى بېقىپ كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. ئۇ خوتۇن بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن يىغلاپ بىھوش بوپتۇ. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ھېلىقى

پادىشاھ ئۆتىدىغان يولدىكى كۆۋرۈكتە ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن يېتىپ كېلىۋاتقاندا ھېلىقى خوتۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، شاھنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئەھۋال ئېيتماقچى بولغانىكەن، كالىنى ئۆلتۈرگەن خادىم ئۇ ئايالنى ئۇرۇپ ھەيدىۋەتمەكچى بوپتۇ.

— توسما، — دەپتۇ سۇلتان مەلىك شاھ، — بۇ ئاجىزە بىچارە كۆرۈنىدۇ. سۆزىنى ئاڭلاپ باقايلى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلار جۈرئەتلىك ۋە تىلى ئۆتكۈر كېلىدۇ.

ئايال ئەرز ئېيتىپ دەپتۇكى:

— ھەي ئالىپ ئارسلانخاننىڭ ئوغلى، ئەگەر سىز بۇ زىندەرۇد دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىدە دادىمغا يەتمىسىڭىز، قىيامەت كۈنى پىلسىرات كۆۋرۈكى ئۈستىدە ئاداۋەت قولۇمنى ئېچىپ، ياقىڭىزدىن ئالىمەن، قايسىبىرىنى ئىختىيار قىلىسىز، ئويلاپ كۆرۈڭ.

ئۇ خوتۇننىڭ سۆزىنىڭ ھەيۋىتىدىن سۇلتان دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە بوپتۇ.

— ھەي ئانا، — دەپتۇ سۇلتان ئۆتۈنۈپ، — مېنىڭ ئۇ كۆۋرۈك ئۈستىدە جاۋابكار بولۇشقا تاقىتىم يوق. ھازىر ئېيتىڭ، كىمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدىڭىز، مەن دەردىڭىزگە يېتىمەن.

— ئەي پادىشاھ، باياتىن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ماڭا ئازاب قامچىسىنى كۆتۈرگەن مۇشۇ خادىمىڭىز مېنىڭ تىرىكچىلىك بۇلىقىمنى زۇلۇم تۇپراقلىرى بىلەن تولدۇردى. يېتىم باللىرىم ۋە مەن ئاجىزەنىڭ تىرىكچىلىك دەسمايىمىز بولغان بىر كالامنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ غىزاسى ئۈچۈن كاۋاپ قىلدى. ياق ئۇ كالىنى ئەمەس، مەن بىچارىنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى كاۋاپ قىلدى، —

www.uyghurkitap.com

دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ تۇل خوتۇننىڭ دادىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۇ خادىمغا سىياسەت تەمىنى تېتىتىپتۇ. ئۇ خوتۇننىڭ بىر كالىسى ئورنىغا ئۇ خادىمنىڭ ھالال مېلىدىن يەتمىش سېغىن كالا ئېلىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ماللار دەرھال ئۇ خوتۇننىڭ قولىغا يەتكۈزۈلۈپتۇ.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ، پادىشاھ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ رەھىم ـ شەپقىتىگە ئېرىشكەن خوتۇن پادىشاھنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ، ھاجەت يۈزىنى دۇئا قىبلىسىگە قارىتىپ تۇرۇپ: «ئەي تەڭرىم، مەن دەردمەن بولغان ۋاقتىمدا، بۇ تۇپراق ئىچىدە ياتقان بەندەڭ ياردەم قىلىپ، مېنىڭ ھاجىتىمنى راۋا قىلغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ سېنىڭ رەھمىتىڭگە موھتاج بوپتۇ. ئۇ مېنىڭ بىچارىلىك ۋاقتىمدا ماڭا ياردەم قىلغانىدى، ئۇ ئەمدى بىچارە بوپتۇ، سەنمۇ ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن» دەپ دۇئا قىپتۇ.

## قەلبلەرنى بويسۇندۇرۇشنىڭ ئەپچىل چارىسى

پادىشاھ خۇسرەۋنىڭ شان ـ شەۋكەت ۋە باتۇرلۇق ـ شىجائەتتە تەڭداشسىز بىر قوماندانى بار ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ لەشكىرىي ئىلمىدىكى مىسلىسىز ئىستىبداتى بىلەن مەشھۇر ئىكەن. كارامەت تەدبىرلىك ۋە ئاجايىپ جۈرئەتلىك كىشى ئىكەن. پادىشاھمۇ ئۇنىڭ ئىقتىدارى ۋە خىزمىتىدىن كۆپ مەمنۇن ئىكەن. شۇڭا ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك دانا مەسلىھەتچىسى دەپ بىلىدىكەن. ئۇ قوماندان شاھنىڭ ھۇزۇرىدا گويا كى:

مەملىكەتنىڭ ھۆسنىگە زىننەت ئىدى،
سەلتەنەت قوللىرىغا قۇۋۋەت ئىدى.

دېگەن مىسرالاردىكىدەك مەرتىۋىدە ئىكەن.
بىر كۈنى ئايغاقچىلار پادىشاھقا:
— تەكشۈرۈشىمىزچە، سىزنىڭ ئۇ پالۋىنىڭىز ئىتائەت قىلىش يولىدىن چىقىپ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن سىزگە دۈشمەن بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئەھۋال يۈز بېرىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭغا چارە كۆرۈش كېرەك، — دەپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ.
خۇسرەۋ بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەم - قايغۇغا چۆكۈپتۇ. كۆڭلىدە: ئۇ پالۋىنىم مەندىن يۈز ئۆرۈپ، مەملىكەت شەھەرلىرىدىن بىرىگە ئورۇنلىشىپ، ماڭا قارشى سەپ تۈزسە، چوڭ - چوڭ سىپاھلىرىم ۋە ئاساسلىق لەشكەرلىرىم ئۇنىڭ تەرەپدارى بولىدۇ. ئۇنىڭ دۈشمەن بولۇپ قوشۇن تارتىپ كېلىشى بىلەن سەلتەنەتتىم مىزانىغا نۇقسان، شاھلىقىم گۈلزارىغا خازان يەتسە قانداق قىلارمەن، دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ. ئەربابلىرى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپتۇ. كېڭەشتە ئۇ قوماندانىنى بەند قىلىش قارار قىلىنىپتۇ.
ئەتىسى ئۇ قوماندانىنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ ئەكېلىپ، بۇرۇنقى دەرىجىسىدىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئۇنىڭ بارلىق ئېسىل پەزىلەتلىرى ۋە ياخشى ئىش - پائالىيەتلىرىنى ناھايىتى كۆپ مەدھىيىلەپتۇ. قىممەتلىك بۇيۇملارنى سوۋغا قىلىپ ئۇنى تارتۇقلاپتۇ. ئاندىن يەنە ئوردا دەرۋازىسىغىچە ئۇنى ئىززەت بىلەن ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.
بەتنىيەت ئايغاقچىلار بۇ ئىشقا يەنە شىكايەت تىللىرىنى سوزۇپ:

— پادىشاھىم، تۈنۈگۈن قىلىشقان كېڭەشتە نېمە ئۈچۈن بۈگۈن خىلاپلىق قىلىدىلا؟ — دېيىشىپتۇ.

پادىشاھ كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن كېڭەشتە خىلاپلىق قىلمىدىم، قىلغان سۆزلىرىمدىنمۇ يېنىۋالمىدىم. كېڭەشتە ئۇ ئەمىرنى بەند قىلىش قارار قىلىنغان. مەن ئۇنى ئەڭ ئۇنۇملۇك ھالدا بەند قىلىشنى قارار قىلدىم. ئەڭ ياخشىسى بەند قىلىشتا ئۇنىڭ قەلبىدىن باشقا مۇۋاپىق ئەزاسىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم. ئىنئام - ئېھسان ئارغامچىسى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى باغلىيالىسام، باشقا ئەزالىرى ئۇنىڭ قەلبىگە ئىتائەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قالغان بارلىق ئەزالىرىنىمۇ ئۇنۇملۇك بەند قىلغان بولىمەن. سىلەر ئويلىغان تۆمۈر بەندكە كىشىلەر ئېكەك سالسا، بۇزۇلۇپ ئاجرايدۇ. ھالبۇكى، قەلبكە سالغان بەندكە ھېچ نەرسە تەسىر قىلالمايدۇ. «قۇشلارنى دان بىلەن، ئىنسانلارنى ئېھسان بىلەن ئوۋلاش كېرەك» دېگەن تەمسىلنى ئاڭلىمىغانمىدىڭلار؟ — دەپتۇ.

شۇ چاغدا پادىشاھ كۆڭلىگە: «بۇ پالۋىنىمنىڭ دىلىدىكى دۈشمەنلىك داغلىرىنى ياخشىلىق ۋە ئىنئام بۇلىقىنىڭ سۈيى بىلەن يۇيۇپ، ئاداۋەت دەرىخىنىڭ يىلتىزىنى، ئىلتىپات ۋە مەرھەمەت قولىنىڭ كۈچى بىلەن يۇلۇپ تاشلاي» دېگەن ئاقىلانە پىكىر چوڭقۇر ئورۇنلاشقانىكەن. شۇ قېتىملىق ۋەقەدىن كېيىن ئۇ قوماندانىنىڭ شاھ خۇسرەۋگە بولغان ئىخلاس ۋە ساداقىتى تېخىمۇ چىڭىپتۇ. جان پىدالىق كەمىرىنى بېلىگە چىڭ باغلاپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شاھ ئۈچۈن خىزمەت قىپتۇ.

## ياخشىلىق ۋە ساخاۋەت ھەممىنى قايىل قىلىدۇ

سېخىي ئادەملەرنى ئۇنىڭ خەير ـ ساخاۋىتىدىن بەھرىمەن بولمىغان كىشىلەرمۇ ئۆزىگە دوست ھېس قىلىدۇ. مەسىلەن: قەشقەر خەلقى ھىندىستاندا بىر سېخىي كىشى بار دەپ ئاڭلىسا، ئۇنى كۆرمەستىن دوست تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئېھسانىغا تەھسىن ئوقۇيدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ سېخىي دۇنيادىن كەتكەن بولسىمۇ ئۇنى ئەسلەيدۇ. پەزىلەت ۋە ساخاۋىتىنى مەدھىيىلەيدۇ.

ھاتەم تەيىنىڭ ۋاپاتىغا توققۇز ئەسىردىن ئاشتى، لېكىن ھازىرغىچە ئۇنىڭ ھاياتىنى ئەسلىگەن كىشىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ خاتىرە سۆزلىرىنىڭ باھارى مەدھىيە ۋە ئاپىرىن شاماللىرى ئارقىلىق خۇش پۇراق چاچماقتا. ئۇنىڭ جاننى ياشارتقۇچى ھېكايەتنامىلىرى ئالقىش گۈللىرى بىلەن زىننەتلەنمەكتە.

ئۆز دەۋرىدە ھاتەمنىڭ سېخىيلىق نامى، قىلغان ساخاۋىتىنىڭ شۆھرىتى پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ كىشىلەر كۆڭلىنى زىلزىلىگە سېلىۋاتقان ياخشى ئىش ـ پائالىيەتلىرىدىن بارغانسېرى ھەسەت ئوتىغا گىرىپتار بولغان يەمەن سۇلتانى، شام پادىشاھى ۋە رۇمنىڭ ھۆكۈمدارى ھاتەمگە ئاداۋەت قىلىشقا باشلاپتۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئالدىغا سېخىيلىق دەۋاسىنى قىلىشىپ، مەردانىلىك لاپلىرىنى ئۇرۇپ يۈرۈشىدىكەن. ھالبۇكى، ھاتەمنىڭ سېخىيلىقى ھەققىدىكى مەدھىيىلەر كىشىلەرنىڭ ئېغىزلىرىدىن چۈشمەيدىكەن. شۇڭا پادىشاھلار ھاتەمنى ئۆز ئالدىغا سىناپ كۆرمەكچى بولۇشۇپتۇ. ئالدى بىلەن شام پادىشاھى ھاتەمنى سىناش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن

يۈز دانە قىزىل يۈگۈلۈق، قارا كۆزلۈك تۆگە تەلەپ قىلىپ كىشى ئەۋەتىپتۇ. ئۇ چاغدا مۇنداق تۆگىلەر پۈتۈن ئەرەب ۋىلايەتلىرىدە كەمدىن ـ كەم تېپىلىدىكەن. تېپىلغاندىمۇ ئىنتايىن قىممەت سېتىلىدىكەن. ھاتەمنىڭ ماللىرى ئىچىدە بولسا، بۇنداق سۈپەتلىك تۆگە يوق ئىكەن. شام پادىشاھىنىڭ ئەلچىلىرى ھاتەمنىڭ قېشىغا كېلىپ پادىشاھنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپتۇ. ھاتەم پۈتكۈل ئەلچىلەرنى خاس مېھمانخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ بارلىق تەلەپلىرىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ. ئاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ خادىملىرىنى يىغىپ:

— ھەممە يۇرت ـ قەبىلىلەرگە بېرىڭلار، «ھەر كىمنىڭ قىزىل يۈگۈلۈق، قارا كۆزلۈك تۆگىسى بولسا ھاتەم قېشىغا ئېلىپ بارسا، ئىككى ھەسسە يۇقىرى باھادا ئالىدۇ، تۆگىنى ئېلىپ بارغان كىشىگە يول مۇشەققىتىنىڭ ئەجرى تولۇقلاپ بېرىلىدۇ» دەپ ئېلان قىلىڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

ھاتەم شۇ ئۇسۇل بىلەن ئەرەب خەلقىدىن يۈز دانە تۆگە قەرز ئېلىپ، شام پادىشاھىغا سوۋغا قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. ئەلچىلەر بۇ تۆگىلەرنى شاھقا كۆرسىتىپتۇ. شاھ ئەھۋالدىن ھەيران قېلىپ:

— مەن بۇ ئەرەبنى مۇنداقچە سىناپ كۆرۈۋىدىم، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنى بىھېساب قەرزگە بوغۇپتۇ، — دەپتۇ. ئاندىن پادىشاھ بۇ تۆگىلەرگە مىسىر ۋە شامنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ماللىرىنى يۈكلەپ، قايتۇرۇپ ھاتەمگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەلچىلەر تۆگىلەرنى نۇرغۇن ماللار بىلەن ھاتەم قېشىغا ئېلىپ كەپتۇ. ھاتەم بارلىق تۆگە ئىگىلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۆز تۆگىسى بىلەن تۆگىدىكى ماللارنى قوشۇپ بېرىۋېتىپتۇ.

بۇ ئىشلارنىڭ خەۋىرى شام پادىشاھىغا يېتىپ بېرىپتۇ. شام پادىشاھى ئۆز يېقىنلىرىغا:

— مۇنداق ئاجايىپ مەردلىكنىڭ ئادەمزات قولىدىن كېلىشى بەكمۇ تەس، مەن ھاتەمنىڭ ھەقىقەتەن ساخاۋەت بابىدا تەڭداشسىز كىشى ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم، — دەپتۇ.

رۇمنىڭ پادىشاھى ھاتەمنىڭ ساخاۋەت دەبدەبىسىنى ئاڭلاپ، ئۇنى سىناپ بېقىشنىڭ خىيالىغا چۈشۈپتۇ.

پادىشاھ بىر كۈنى ھاتەمنىڭ ئوقتەك تېز چاپىدىغان بىر ئېتىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپتۇ. شاھ ۋەزىرىنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا:

— ھاتەمنىڭ سېخىيلىق نامى ئەجەم دۇنياسىغا پۇر كەتتى. ئۇ ياخشىلىق ۋە ساخاۋەتتە مەغرىبتىن مەشرىققە قەدەر تونۇلدى. مەن ئۇنىڭ دۇنيادا تەڭداشسىز بىر ئېتىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدىم. كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئاشۇ ئېتىنى تەلەپ قىلماقچىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرى بىلەن مەسلىھەتنى پىشۇرغاندىن كېيىن، لايىق سوۋغا - سالاملارنى قوشۇپ ھاتەم قېشىغا ئەلچى ماڭدۇرۇپتۇ. ئەلچىلەر تەي قەبىلىسىگە يېتىپ بارغاندا، ھاۋا سوۋۇپ كېتىپ، قار يېغىپتۇ. ھاتەم ئەلچىلەرنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن ئىستىقبالىغا چىقىپتۇ ۋە ئۇلارنى باشلاپ كېلىپ، ئالىي مېھمانخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، خادىملىرىغا مېھمانلارنىڭ زىياپىتى ئۈچۈن ئات ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. مۇلازىملار ھاتەمگە:

— ئاتلارنىڭ ھەممىسى يايلاقتا، بۇ يەردە پەقەت ھېلىقى تەڭداشسىز ئۇچقۇر ئاتتىن باشقا ئات يوق، — دەپتۇ. ھاتەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

www.uyghurkitap.com

— مەيلى، ئاشۇ ئاتنى ئۆلتۈرۈڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

مېھمانلار رۇم سۇلتانى تەلەپ قىلغان ئاتنىڭ گۆشىدە مېھمان بوپتۇ. ئاندىن كېيىن ھاتەم مېھمانلارنى ئازادە ئىستىراھەت قىلىشقا قالدۇرۇپ، ئۆز ئۆيىگە چىقىپ كېتىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا ھاتەم مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئۆزرە ئېيتقان ھالدا كىرىپتۇ. ئەلچىلەر رۇم سۇلتانىنىڭ خېتىنى ۋە سوۋغاتلىرىنى ھاتەمنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ھاتەم پادىشاھنىڭ خېتىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئىنتايىن خىجالەتچىلىك ھېس قىلىپ، ئېچىنىش ۋە ئەپسۇسلىنىش ئىپادىسىدە بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەلچىلەر:

— ئەي ھاتەم، سىز پادىشاھىمىزنىڭ تەلىپىگە مۇنچىۋالا پەرىشانلىق كۆرسەتسىڭىز، بىزنىڭمۇ سىزنى ئارتۇقچە تەڭلىكتە قويۇشقا ئامالىمىز يوق، - دېيىشىپتۇ.

ھاتەم بۇلارنى ئاڭلاپ:

— يوقسۇ، ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس، رۇم سۇلتانى مېنىڭدىن بىر ئات تىلەپتۇ. مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا بۇقەدەر كۆپ ئەلچىلەرنى ۋە ئېسىل سوۋغىلارنى ئەۋەتىپتۇ. مېنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن خىزمەتكە لايىق كۆرۈپتۇ. مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال. مېنىڭ ھازىرقى پەرىشانلىقىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، تۈنۈگۈن سىلەرگە زىياپەت قىلغانلىرىم دەل ئاشۇ ئاتنىڭ گۆشى ئىدى. ئىسىت، ئەھۋالدىن نېمە ئۈچۈن بالدۇرراق خەۋەر تاپمىدىم. ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر تاپسام، پادىشاھنىڭ ئۈمىدىنى زايە قىلماس ئىدىم، خىزمىتىدىن مەھرۇم بولماس ئىدىم، — دەپ مىڭ بىر پۇشايمان قىپتۇ.

شۇ ئەھۋال تۈپەيلىدىن رۇم سۇلتانىغا بۇ ئات نېسىپ بولماپتۇ، لېكىن ھاتەم بۇ ئەلچىلەرگە نۇرغۇن ياخشى سۆزلەرنى

ئېيتىپ، ھېسابسىز سوۋغا ـ سالاملار بىلەن قايتۇرۇپتۇ. ئەلچىلەر قايتىپ بېرىپ سۇلتانغا ئەھۋالنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىپتۇ، پادىشاھ ئۇنىڭ ئىنساپ ـ ساخاۋەتتە مىسلىسىز، ئەخلاق ـ پەزىلەتتە تەڭداشسىز مەرد ئىكەنلىكىگە قايىل بوپتۇ. ئۇنى «سېخىيلىق بابىدا جاھاندا يېگانە ئادەم ئىكەن» دەپ تەرىپلەپتۇ.

دېسە بولغاي ئادەم ئەۋلادى ئارا،
كەلمىدى ئۇنداق سېخىي ئادەم يانا.
ناننى مۆھىم بىلدىلەر بارچە كىشى،
كەتتى ھاتەم بىلەن ساخاۋەت ئىشى.

يەمەن پادىشاھى ساخاۋەت ۋە ياخشىلىق بىلەن مەشھۇر بولغان پېقىر ۋە موھتاجلارغا داستىخىنىنى كەڭ يايىدىغان مەرد كىشى ئىكەن. بۇ پادىشاھ ئۆز ساخاۋىتىدىن باشقا سۆزنىڭ ئەل ئاغزىدا سۆزلەنمەسلىكىنى، بۇ جەھەتتە ئۆزىنىڭ يېگانە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن. باشقىلارنىڭ بۇ خۇسۇستا مەشھۇر بولۇپ قالماسلىقىنى ئويلايدىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ قېشىدا ھاتەم تىلغا ئېلىنسا، غەزەپ ئوتلىرى لاۋۇلداپ، ھاتەمگە ھاقارەت قىلىشقا باشلايدىكەن، «ھاتەم بولسا مېنىڭ ۋىلايىتىمنىڭ پۇقراسى، ھەتتا ئۇ بىر سەھرالىق. ئۇنىڭدا نە جاھاندارچىلىق مەنسىپى ياكى مۇلۇكدارلىق مەرتىۋىسى يوق. ئۇ بۇنداق نېسىۋىلەرنىڭ ھەممىسىدىن مەھرۇم. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ئۇنىڭ قولىدىن كىشىلەر ماختاپ مەدھىيىلىگۈدەك قانچىلىك ساخاۋەت كېلىدۇ. ھاتەمنىڭ پەقەت بىر قانچىلا ئات ـ تۆگىلىرى بار. بۇنىڭ بىلەن قانچىلىك ساخاۋەت ئىشىكىنى ئاچالايدۇ، مەن

هاتەمنىڭ بىر يىللىق ساخاۋىتىنى بىر كۈندە بىر ئادەمگىلا بېرىمەن. ئۇنىڭ يۈز مېھماندارچىلىقىنى ماڭا كەلگەن بىر مېھماننىڭ ناشتىلىقىغا بېرىمەن» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ، هاتەمنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە شەك كەلتۈرىدىكەن.

پادىشاھ بىر كۈنى شۇنداق چوڭ ھەشەم بىلەن بىر زىياپەت قىپتۇ. شاھانە داستىخانلىرىنى كەڭ يېيىپتۇ. پۈتۈن تائاملارنى تەييارلاپ، تۈن بويى خەير ـ ساخاۋەت قىپتۇ. ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى تۆكۈپتۇ. ياقۇت، مەرۋايىتلارنى تېرىۋاتقان بىرسى توساتتىن هاتەمنىڭ ئىسمىنى يادلاپتۇ. بېيىت:

بىرى هاتەم ئىشىنى زىكرى قىلماققا ئېغىز ئاچتى،
سېخىيلىقنى بايان قىلماق بىلەن مەجلىسكە دۇر چاچتى.

پادىشاھنىڭ بۇ سۆزگە زەردىسى قايناپ، پەرىشان بوپتۇ. ھەسەت قانلىرى تومۇرلىرىدا ھەرىكەتلىنىشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىگە: «بۇ كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ تىلىدىن هاتەمنىڭ نامى چۈشمەيدىغان بولدى. ھەممە كىشىنىڭ ئېغىزىدا هاتەمنىڭ مەدھىيىلىرىدىن باشقا گەپ يوق، ئۇنىڭ ياخشىلىق ۋە ساخاۋەتلىرى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە نەقەدەر چوڭقۇر ئورۇنلاشقان ـ ھە؟!» دېگەن ئەندىشىلەر پەيدا بوپتۇ. پادىشاھ شۇنىڭدىن كېيىن بىرەر چارە قوللىنىپ، هاتەمنى دۇنيادىن يوق قىلىش نىيىتىگە كەپتۇ. بېيىت:

جاھان سەھنىسىدە مەۋجۇت بولسا هاتەم،
مېنى ياخشى دېمەسلەر ئەھلى ئالەم.

پادىشاھنىڭ كىشىلىرى ئىچىدە بىر پۈل ئۈچۈن يۈز

كىشىنىڭ قېنىنى توْكۈشتىن يانمايدىغان، ئانچىكىم ئىشلار ئۈچۈن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىنى رەنج ۋە ئازار تاشلىرى بىلەن سۇندۇرۇپ ئۆتىدىغان بىر مەككار كىشى بار ئىكەن. پادىشاھ ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئادەتتىكىدىن كۆپ ئىلتىپاتلار قىپتۇ. يەنە نۇرغۇن ئىنئام - مۇكاپاتلارغا ۋەدە بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا مۇنداق پەرمان بېرىپتۇ:

— سەن تېزلىك بىلەن ھاتەم قەبىلىسىگە بارغىن، كۆڭلۈڭگە يەتكەن ھەممە نەيرەڭلەرنى ئىشقا سالغىن، خاتىرەڭ قوبۇل كۆرگەن بارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ بولسىمۇ، ئۇ ھاتەمنى ھاياتلىق مۇلكىدىن ماماتلىق سارىيىغا يوللىغىن، «ھاتەم» دېگۈچى بارلىق كىشىلەرنى «ماتەم» دېگۈزۈۋەتكىن. ئەگەر شۇ ۋەزىپىنى بېجىرەلىسەڭ، سېنى شاھانە ئىنئاملار بىلەن مۇكاپاتلايمەن.

ئۇ مەككار كىشى شاھنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكىنى ئۈچۈن، قىن - قىنىغا پاتماي، ھىيلە - نەيرەڭلەر بىلەن ھاتەمنى ئۆلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئاپتۇ. بىرقانچە مەنزىللەرنى بېسىپ، ئاخىر تەي قەبىلىسىگە يېتىپ بېرىپتۇ. لېكىن ئۇ بۇرۇن بۇ يەرنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، ھاتەمنىڭ قورۇسىنى تاپالماي ھەر تەرەپلەرگە دوقۇرۇپ، تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرگىنىدە، توساتتىن بىر يىگىت ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇ يىگىتنىڭ چىرايىدىن خۇشخۇيلۇقى ۋە مېھماندوستلۇقى بىلىنىپ تۇرار ئىكەن. يىگىت ئۇ مەككارنىڭ شۇ مەھەللىگە مۇساپىر ئىكەنلىكىنى سېزىپتۇ. ئۇنىڭغا چوڭقۇر مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ شېرىن تىل بىلەن سوراپتۇ:

— قەيەردىن كەلدىڭىز؟ قاياققا بارىسىز؟!

مەككار:

— مەن يەمەندىن كەلدىم، شامغا بارماقچىمەن، — دەپتۇ يىگىت:

— ئۇنداق بولسا بۈگۈن مېنىڭ ئۆيۈمگە ئىلتىپات قىلىڭ، پېقىر خىزمەتكارلىق سۈپىتىدە شەرەپ نەزىرىڭىزگە ئېلىنغايمەن، ئۆيۈمنىڭ سەھنىسىنى پايى قەدىمىڭىزنىڭ زىنىنىتى بىلەن يورۇتسىڭىز، مەن جان ـ دىلىم بىلەن مىننەتدار بولغان بولاتتىم، — دەپتۇ.

مەككار ئۇ يىگىتنىڭ خۇشخۇيلۇقى، كۆڭۈلچەكلىكىگە مەھلىيا بوپتۇ ـ دە، يىگىتنىڭ مەنزىلىگە بېرىپتۇ. يىگىت مېھماندارچىلىق رەسمىيەتلىرىنى شۇقەدەر ئەلا دەرىجىدە بەجا كەلتۈرۈپتۇكى، ئۇ مەككار ھاياجاندىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ. ئۆمرىدە ئۇ تېخى مۇنداق زىياپەتنى كۆرۈپ باقمىغان، ھەتتا تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ باقمىغانىكەن، رەڭمۇ رەڭ نېمەتلەر، خىلمۇ خىل تائاملار، تۈرلۈك ـ تۈمەن شەربەتلەر تەرتىپ بويىچە ئۈزۈلمەي، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپتۇ. مېھمان بۇ يىگىتنىڭ مۇنچە كاتتا ئىلتىپاتلىرى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. زوق ـ شوق بىلەن ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي: «باركالللا، ئادەمدە پەزىلەت دېگەن مۇشۇنداق بولسا، ئەردە ھىممەت دېگەن مۇشۇنداق بولسا» دەپ ماختاپتۇ. ئۇلار بۇ كېچىنى ئەنە شۇنداق زىياپەت ئىچىدە ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ.

تاڭ ئاتقاندا بۇ مېھمان ئۆيدىن ئۆز مەقسىتى تەرەپكە قاراپ يول ئالماقچى بوپتۇ. يىگىت مېھماننىڭ خوشلىشىش تەرەددۇتىدىن پەرىشان بولۇپ ئوتلۇق بېيىتلارنى تىلىغا جارى قىپتۇ. بېيىت:

يۇز داغ چۈشتى كۆڭلۈمگە يەتكەچ جۇدالىقىڭ،
ھەي ئىسىت، بولمىسا بوپتىكەن بۇ ئاشنالىقىڭ.

يىگىت ئاندىن تېخىمۇ كۆڭۈل ئىزدىگەن ھالدا مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي بۇرادەر، ئىككى - ئۈچ كۈن بۇ يەردە تۇرساڭ، سۆھبىتىڭنىڭ پەيزى بىلەن مېنى خۇشال قىلساڭ قانداق بولار؟!

مەككار:

— ئەي ئەزىز، شۇنچە كۆپ ئىلتىپاتلارنى قىلدىڭ. ئۆزرە ئېيتىشقا ئاجىزمەن، مېنى كۆپ ھايال قىلمىساڭ، چۈنكى بېشىمدا مۇشكۈل ئىشىم بار ئىدى، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا بۇ ئىشلىرىڭدىن مېنى خەۋەردار قىلغىن، قولۇمدىن كەلگىنىچە ئۇ ئىشلىرىڭغا ياردەم قىلىمەن، — دەپتۇ يىگىت.

مەككار ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم دۇچ كەلگەن بۇنداق مەردانە كىشىگە قايىل بوپتۇ. كۆڭلىدە: مەن مۇنچە چوڭ ئىشقا قەدەم قويۇپتىمەن. يارسىز، مەدەتكارسىز بۇ ئىشىمنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى تەس. بۇ ھىممەتلىك، تەجرىبىگە باي، سېخىي ۋە مۇساپىرلارنى يۆلەيدىغان يىگىت ئىكەن. شۇڭا ئۇنى بۇ مۇشكۈل ئىشىمدا ھەمراھ قىلسام يامان بولماس، دەپ ئويلاپتۇ.

مەككار ئۇ يىگىتكە ئۆز سىرىنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن يىگىتتىن سىر ساقلاش ھەققىدە نۇرغۇن قەسەم، ۋەدىلەرنى ئاپتۇ. ئاندىن ئۆز مەقسىتىنى بايان قىلىشقا باشلاپتۇ:

— بۇ يەردە ھاتەم ئاتلىق بىر كىشى بار ئىمىش، ساخاۋەت

www.uyghurkitap.com

ۋە مەردلىك لاپىلىرىنى تولا ئۇرارمىش، ياخشىلىق، كۆيۈمچانلىق داپىلىرىنى زىيادە چالارمىش، بۇ خەۋەردىن يەمەن پادىشاھىنىڭ كۆڭلىگە ھەسەت ئوتلىرى چۇشۇپ، مېنى ئۆز قەسرىگە چاقىرتىپ كېلىپ، ناھايىتى كۆپ مەرھەمەتلەرنى كۆرسەتتى، ھېسابسىز خەزىنە ۋە دەپىنىلەرنى بېرىشكە ۋەدە قىلدى. ئاندىن ئۇ ھاتەمنى ئۆلتۈرۈشكە، بېشىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىگە سوۋغا قىلىشقا پەرمان بەردى. مەن بۇ پەرمان سەۋەبىدىن ۋە تىرىكچىلىكىمنىڭ زۆرۈرىيىدىن ھۆكۈمنى بوينۇمغا ئېلىپ بۇ يەرگە كەلدىم. ھازىر مەن يا ھاتەمنى تاپالماي، ياكى ئۇنىڭ ئۆيىنى بىلمەي قىيىن ئەھۋالدا قالدىم. سەن ماڭا بۇنچىۋالا ئىلتىپات كۆرسەتتىڭ، ئەمدى يەنە ماڭا ئاخىرىغىچە ياردەم قىلىپ، ھاتەمنى تېپىشىمغا يار - يۆلەكتە بولساڭ، مەن سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن ۋەدىنى ئورۇنداپ، پادىشاھنىڭ بەرمەكچى بولغان ئىنئام ۋە مۇكاپاتلىرىنى ئېلىپ تۇرمۇشۇمنى غەمسىز ئۆتكۈزسەم.

يىگىت بۇ بايانلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشاللىق بىلەن مۇنداق دەپتۇ.

— ئەي ئەزىز مېھمان، دەرھال ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، ئەھلى ئايال ۋە خىزمەتكارلىرىم خەۋەر تېپىشتىن بۇرۇن بېشىمنى ئېلىپ يولغا چىقىڭ، شاھىڭىزغا بېشىمنى تۆھپە قىلىپ، شاھ ۋەدە قىلغان مۇكاپاتلارنى ئېلىڭ.

مەككار شۇ ھامان ئالدىدىكى يىگىتنىڭ دەل ھاتەم ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ھاتەمنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ كۆزىنى ئۇنىڭ تاپانلىرىغا سۈرتۈپتۇ. يىغلاپ تۇرۇپ تۇمەن مىڭ ئۆزرىلەرنى ئېيتىپتۇ. ھاتەم ئۇنىڭغا يول جابدۇقلىرىنى تەل قىلىپ بېرىپ، يولغا سېپتۇ. مەككار نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ، يەمەن شاھىنىڭ

ھۇزۇرىغا يېتىپ بېرىپتۇ ـ دە، يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى بىرمۇ بىر بايان قىپتۇ. پادىشاھ ئىنساپ يۈزىسىدىن ھاتەمنىڭ مۇنچە سېخىي ۋە مەردلىكىنى ئېتىراپ قىپتۇ. كۆڭلىدە: ئادەمزات ئىچىدە مۇنداق كۆكسى ـ قارنى كەڭ كىشى كەم ئۇچرايدۇ. ئەھۋال شۇنداق بولسا، ھاتەمنىڭ دەريادەك ساخاۋىتىگە تەڭ كېلەلمىگۈدەكمەن دەپ ئويلاپتۇ.